
یوسف زلیخا

ئابدۇللا ھاپىز

# يۇسۇف - زۇلەيخا

قولىيازمىنى ساقلىغۇچى: كېرەم ئوسمان
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېلى ئېزىز



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

# يۈسۈپ - زىلەيخا

ئابدۇللا ھاپىز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1985 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 6 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 7 — 228 — 01864 — 8/I·624
تىراژى: 28,840 — 14,001
باھاسى: 1.75 يۈەن

## مۇھەررىردىن:

«يۈسۈپ - زىلەيخا» ئىسلام دىنى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا مىسىر دىيارىدا پاك ۋە ئەقىدىلىك سۆيگۈ توغرىسىدا پەيدا بولغان گۈزەل رىۋايەت. قۇرئاندا يۈسۈپ - زىلەيخا توغرىسىدا مەخسۇس ئايەتنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بۇ رىۋايەتنىڭ ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسلامدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەرەب مەدەنىيەت تارىخىدا ئىسلامىيەت دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن، بۇ رىۋايەت ئىسلام ئەقىدىلىرى نىزاملىرى بىلەن قايتا يورۇتۇلغان، ئىسلام ئېتىقادى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلگەن. يۈسۈپ - زىلەيخانىڭ مۇھەببەت ۋە ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدىكى بۇ تەسىرلىك قىسسە ئىسلام دىنى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدە ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن.

يۈسۈپ - زىلەيخا قىسسىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى زېمىنىدا كەڭ راۋاج تاپتى. ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، بۇ رىۋايەت خەلق ئاغزىدا قىسسە تەرىقىسىدە ۋە تۈركىي داستانلارغا ئايلىنىپ، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئۆتتى ۋە ئەسىرمۇ - ئەسىر ياشاپ كەلدى. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن يىرىك شائىرلار بۇ تې-

مىدا ئىز بېسىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي داستانلىرىنى يازدى ۋە ھەرقايسىسى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، مەنىۋى كەيپىياتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي خاھىشلىرىنى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇرلاردا بۇ تېمىنى ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە تارىخچىسى نەسىرىددىن رابغۇزى دەسلەپ قىلىپ ئۆزىنىڭ يىرىك ئېپىك ئەسىرى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا چىغاتاي تىلىنىڭ نەسرىي ئۇسلۇبى بىلەن يېزىپ قالدۇردى. ئۇندىن كېيىن، بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر ھاپىزلىرى، داستانچىلىرى ۋەمەدداھلىرى تەرىپىدىن خەلق داستانى شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن نەسرىي - نەزمى بايان ئۇسۇلىدا ئىپادە قىلىندى. رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىغىغا خاس بولغان ئىپادىدىكى بۇ خىل شەكلى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر مىراسى بولۇپ قالدى ۋە ئۇ ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، مەشرەپلەر، ئولتۇرۇشلار ۋە باشقا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ رىۋايەتنىڭ ئىجادىي ئىشلەنگەن يازما شەكلىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە خۇشاللىنارلىق بىر ۋاقە بولدى. غۇلجا شەھرىدىن تېپىلغان قولىيازما مەنبە — ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭمۇ بۇ رىۋايەتنى تېما قىلىپ ئىجادىي داستان ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. داستاننى ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇللا ھاپىز (1875 — 1956 - يىللار) يېزىپ قالدۇرغان. (ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى بىئوگرافىك مەلۇمات نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان «گۇدۇك» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا

بېرىلگەن).
شائىر ئابدۇللا ھاپىز بۇ داستانى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نەسرىي ـ نەزمى ئۇسلۇبىنى تاللىۋالغان، لېكىن ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلى بۇ تېمىدىكى شۇ ناملىق خەلق داستانىدىن جىددى پەرق قىلىدۇ. ئۇ نەسرىي بايانىدا چىغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ نەسرىي تۈرىنى ئىشلەتكەن بولسا، نەزمى بايانىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇتەھەززات قاتارلىق شەكىللىرىنى قوللانغان ھەمدە يۇقۇرقى شەكىللەرنى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھەرخىل بەھىرلەردە ئىشلەپ بارغان. شائىرنىڭ داستان سيۇژىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق زۆرۈرى جايلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى 80 پارچىدىن ئاشىدۇ. شائىر داستانىنىڭ نەسرىي بايانلىرىدا چىغاتاي نەسرىي تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈش شەكىللىرىگە، نەزمى تەركىۋىدە تاللىۋالغان شېئىرىي شەكلىنىڭ پۈتۈن ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلغىنى ھالدا، بايان تىلى ۋە شېئىرىي تىلىنىڭ ساپلىقىغا، ئۇنىڭ جانلىق تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، شائىر بۇ داستانىنى مەسجىد ـ مەدرىسلەرنىڭ موللا ـ ئاخۇنلىرى، دىنى مەكتەپلەرنىڭ تالىپلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى جاھانگەشتىلىك ھاياتىدا كەڭ ئۇچراشقان دىخانلار ۋە كاسىپلار كۆپچىلىكى ئۈچۈن يازغان. بىپايان ئىلى يېزىلىرىدىكى دىخانلار ۋە غۇلجا شەھرىدىكى كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بۇ راۋان تىللىق شائىرغا ھاپىز دەپ نام بېرىشى ئاساسسىز بولمىغان ئەلۋەتتە.

شائىر ئابدۇللا ھاپىزمۇ كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسى-

يادا كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايەتلىرى زېمىنىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى ياراتقان ھەممە شائىرلارغا ئوخشاش، رىۋايەتلىك ۋەقەلەر ۋە ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكىنى پاش قىلغان. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، خىيانەت ۋە ۋاپا، ھەسەتخورلۇق ۋە مېھرىۋانلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، سۆيگۈ ۋە جاپالارنىڭ توقۇنۇشى ۋە ئۆزئارا كۈرەشلىرى، داستان يېشىمىنىڭ ئادالەت ۋە ۋاپانىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلىشىشى شائىرنىڭ بۇ داستانىنى روشەن ئىدىيىۋىلىككە ۋە خەلقچىللىققا ئىگە قىلغان. بىز شائىرنىڭ بۇ داستانى ئارقىلىق 30-يىللاردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئادالەتسىزلىكنى ۋاستىلىق يوسۇندا تەنقىت قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

نەشرىياتىمىز ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «يۈسۈپ-زۇلەيخا» ناملىق بۇ گۈزەل ئەمگىكىنى نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىشىنى ۋە ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مىراسىغا دىققەت قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىردى، لېكىن يۇسۇف بىلەن بۇنيامىن ئانىسى بىر، ئون ئوغۇلنىڭ ئانىسى بۆلەك ئىردى.

چىكەر بۇلبۇل نەدا گۈل ۋاختى بولسا بوستان ئىچرە،
چىكەر يۈز نەغمە ئاھۇنى كېچە ـ كۈندۈز فىغان ئىچرە،
بولۇر گۈل يادىدا بۇلبۇل ھەمىشە باغرى قان ئىچرە،
زىلەيخا بىرلە يۇسۇف ئۆتتىلەر ئاشىق جۇۋان ئىچرە،
ئىككىيلەن بىر ـ بىرىغە ئىنتىزار لاماكان ئولدى.

قېنى يۇسۇف، قېنى ئانداغ زىلەيخايى جاھان ئارا؟
قېنى مەجنۇن، قېنى لەيلى، قېنى ئول ۋامۇقى ئۇزرا؟
نە گۈل قالدى جاھاندا، نەچىمەندە بۇلبۇلى شەيدا؟
كى غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئابدۇللا ۋاۋەيلا،
يۇسۇف بىرلە زىلەيخا قىسسەسىن داستان قىلدى.

خۇدا تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئانداغ ساھىبجامال ۋە بەر كامال ۋە ھۆسنىنى ئانداغ كامال قۇدرىتى بىرلە ياراتقىنىغا شائىر ئابدۇللا ھاپىز ئىككىنچى نەزمە قىلغانلارى:

جامال ھۆسنی يۈسۈف بىرلەن خالايىق ھەم جاھان ئۆرتەر،
يۈزىنىڭ شوئلەسى بىرلەن كىشىنى بى گۇمان ئۆرتەر.
مالائىك ھۆرى - غۇلمانلار كۆرۈپ ھۆسنىن قىلۇر فەرياد،
ۋۇجۇدى شەمئىدىن ئول پەرى ھەم ئىنسى جان ئۆرتەر.
قىلۇر بولسا بىناگاھ يۈسۈف ھەم ناله ئىله ئەفغان،
بولۇر بۇلبۇل فىدا ئاندا ئۆزىنى بوستان ئۆرتەر.
ئۇنىڭدەك شاھدى شاھى چېكىپ مېھنەت جافاسىنى،
قىرىق يىل ئافتى چاھى كۆرۈپ جانۇ جاھان ئۆرتەر.
تۈشۈپ يەئقۇبغە يۈز ئارمان چىكەر ھىجرىدە يۈز ئەفغان،
بولۇپدۇر بۇلبۇلى نالان ئۆزىنى پىنھان ئۆرتەر.
زىلەيخانى يۈسۈف كۆرسە دىلى بىرلەن ئىنى سۆيسە،
ئانىڭ دەردىدە قان يىغلاب مىغىزى ھەم ئۇستىخان ئۆرتەر،
دىگەي ئابدۇللا يۈسۈف قىسسەسىدىن نەچە ئەبياتلار،
ئىشتكەنلەر بولۇر ئاشىق كامالى خانۇمان ئۆرتەر.

ئەلقىسسە، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى بىردەم يېنىدىن ئايرىماس ئىردى. ئەمما بىر كۈنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ تۈش كۆردى. تۈشىدە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كەنئانىنىڭ چېتىغە چىقتى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھەم بار ئىردى. بىناگاھ ئون بۆرى پەيدا بولدى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەر قايسىسى ئېغىز سالدى. ئول زامان يەر يېرىلدى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يەرگە كىردى. بۇ تۈشنى كۆرۈپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئويغاندى، كۆرسە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يېنىدا ياتىدۇ. بۇ تۈشىدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەندىشە قىلدى، ئاللا تائالاغا مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىس-

سالامنىڭ ھەققىدە شائىر ئابدۇللا ھاپىز بۇ مۇناجاتنى يازدى:

كى بىر چۈش كۆرۈپ يەئقۇب دىدى غەمدە ئادا ئەتمە،
يۈرەگىم ئۆرتەنۇر ئۇشبۇ يۈسۈفدىن سەن جۇدا ئەتمە.
جۇدالىق دەردىدىن قاتتىق جاھاندا ھىچ بالا يوقتۇر،
مىنى ھەيران قىلىپ يارەب ئىشىكلەردە گادا ئەتمە.
جاھانىنىڭ گۈلشىنى يۈسۈف، كۆزۈمنىڭ روشنى يۈسۈف،
ئەگەر ئىچىلسا گۈل باغدا خازانغە مۇپتىلا ئەتمە.
ئەجەپ بولدى مىنىڭ تۈشۈم، زۇقۇم بولدى ئىچەر ئىشىم،
بۇ ھەسرەتتە قىتىپ باشىم جۇدالىقنى راۋا ئەتمە.
يارار ئابدۇللا يەئقۇبنىڭ خۇدايىمغە نىداسىنى،
گىرىفتارى فىراق ئەيلەپ كى دەردى بى داۋا ئەتمە.

ئەلقىسسە، بۇ مۇناجاتنى ئەيتىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كىچە-كۈندۈز ئۇخلىماس ئىردى، بىناگاھ ئۇيقۇسى كەلسە چاچراپ قوپار ئەردى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى يىنىدىن ئايرىماس ئەردى. ئەلقىسسە، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزى تۈش كۆردىكى، ئاتىسىنىڭ يىنىدا زەئفىراندەك سارغىيىپ كىلىپ بىر ئاھ ئۇردى. ئاتىسى ئوغلىنى تىزىغە ئىلىپ سورىدىكى: ئەي بالام، نىمە ۋاقىئە بولدى؟ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى: بىر تۈش كۆردۈم، بۇ تۈشۈمدىن قورقۇپ بەدەنلىرىم تىترەپ كىلەدۇر. بۇ تۈشىنىڭ تەئبىرىنى ئەيتىڭ! ئاتىسى: — ئەي ئوغلۇم، سەن تەئبىر سورىما، مەن تەئبىر ئەيتماي. مۇبادا بىر ئالامەت بولمىسۇن دىدى. ھەزرەت يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى: مىنى خوش قىلسىڭىز ئەيتىڭ

ئەي ئاتا! يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەيدى: ئەي جىنىمنىڭ قۇۋۋىتى، ۋاي كۆزۈمنىڭ روشىنى نۇر بالام! سەن ھىچ كىشىغە دەم ئۇرمىغىل! يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن تۈشىغە لايىق شائىر ئابدۇللانىڭ بۇ مۇخەممەسىنى يازغانلارى:

بۇ تۈشنى بۇ كىچە كۆردۈم ئاڭا ئەقلىمە ھەيراندۇر،
ئۇنىڭ تەئبىرىگە يەتمەي ئىقىللار لال ۋەيراندۇر،
ئەگەر لۇتىپ ئەيلىسە ئاللا ئۆزى رەھىي رەھماندۇر،
ۋەگەر ئەدل ئەيلىسە ئاللا ھىكمى ھۆكمى ئاساندۇر،
بىلەلمەم باشىمە ئەمدى نەكەلگەي ئۇشبۇ دەۋراندۇر.

دىدى: يەئقۇب ئايا ئوغلۇم، ساڭا بۇ سىر ئايان ئولسۇن،
ئۇنىڭ تەئبىرىنى ئەيتاي ساڭا مەندىن بايان ئولسۇن،
بەقاسىز دۇنيادا بىر نەچچە كۈن جانىڭ ئامان ئولسۇن،
ساڭا ھەركىم يامانلىق ئويلىسا ئۆزى يامان ئولسۇن،
دۇئاگۇيلار دىگەي ھەردەم دائىم ئاماندۇر.

دىدى: يۈسۈف جاۋاھىردىن ياسالغان تەخت كەلتۈردى،
ئەجەپ ئايدانى كەيۋانى مۇنەققەش كى ئاينە قويدى،
كۆتەرىپ كۆپ خالايىقلار مىنى تەختىغە مىندۈردى،
ئۇشول بەختىغە مىنمەككە مىنى ھەركىم رەۋا كۆردى،
بىلەلمەسمەن ئايا ئىبنا مىنىڭ كۆڭلۈم پەرىشاندۇر.

دىدى: يەئقۇب ئايا ئوغلۇم، شاھىنشاھلىقنىڭ تەختىدۇر،
ئەگەر ھەركىمگە كەلسە بۇ سائادەتنىڭ بەختىدۇر،

ئۇنىڭ ئالدىدە خىزمەت ئەيلىگەنلەرنىڭ گەرەختىسدۇر،
بالام ئۇشبۇ دەۋلىتىڭ كەلمەككە ۋاقتىدۇر،
ئۈمىد ئولدۇركى ئىلكىڭدە سېنىڭ جۈملە جاھانىڭدۇر.

ئوشۇل تەختگە مىنگەندە سېنىڭ ھۆكمىڭ راۋان ئولسۇن،
سېنىڭ ئالدىڭدە ھەركىم ھەر تەرەفكە ھۆكمىران ئولسۇن،
قىلىب خىزمەت كەمەر باغلاپ خالايىق دۇ جاھان ئولسۇن،
سېنىڭ دەردىڭدە قان يىغلاب مېنىڭ ياشىم راۋان ئولسۇن،
نى ئىشلار باشىمە كەلگەي بىلەلمەسمەن كامالىڭدۇر.

دېدى: يەئقۇب بولۇرسەن ئەي قۇلۇنۇم ئالىمە سۇلتان،
سېنىڭ ئالدىڭدا خىزمەت ئەيلىگەيلەر ھەم شەھىن شاھان،
قىلۇرسەن ھەر زامان ئول تەختكە مىنىپ جەۋلان،
خالايىق باشىنى قايتارمىيىن تۇتقاي ساڭا فەرمان،
ئىلاھا بارچە ئاشيالار سېنىڭ ئالدىڭدا ئاساندۇر.

يەنە شەمس قەمەر بىرلەن ئۇنىڭ كەينىدە ئون يۇلدۇز،
ماڭا تەئزىم قىلىپ تۇردى كۆرۈپمەن كېچە ۋە كۈندۈز،
ماڭا مۇنداغ ئالامەتلەر ئىشىتىڭ ئەي ئاتا بىر سۆز،
ھەممەسى يەرگە باش قويدى ئېرۇرمەن تەختىدە يالغۇز،
كۆتەرىپ تۇردىلەر ئەترافلارىمدە خەلق ھەيراندۇر.

دېدى: يەئقۇب قەمەر شەمس ئاتاڭ بىرلە ئاناڭ بولغاي،
ئۇنىڭ كەينىدە ئون يۇلدۇز سېنىڭ بارچە ئاغاڭ بولغاي،
نەچچە يىللار ئارادا ئۆتكۈسى بىھەد زامان بولغاي،

بىلەلمەسمەن ئۇشول كۈندە ئاتاڭ بەلكى گاراڭ بولغاي،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھەم سەبرى قارارىم بەلكى مېھماندۇر.

بايا كۆردۈم بۇ تۈشنى بىر ئاجايىپ بىقارار ئولدۇم،
ئۇنىڭ ۋەھمى بىلەن تىترەپ بەسى كۆپ زارى زار ئولدۇم،
بۇ تۈشنىڭ تەئبىرى قانداق بولۇر دەپ ئىنتىزار ئولدۇم،
ئىچىمگە غۇسسە غەم تولدى ئاجايىپ بىمادار ئولدۇم،
نە ئىشلار كەلگۈسى باشىمغە دەپ باغرىم تولا قاندۇر.

دىدى: يەئقۇب ئاتا ئولدەم ئىشىت بۇ سۆزنى ئەي دىلدار،
كى مەن بىلدىم يېتەر ئەمدى كىشىغە ئىپتىمغىل زىنھار،
چەمئى بەندىلەرغە ئول خۇدادىن ئۆزگە يوق غەمخۇار،
مېنىڭ پەندىمنى ئاڭلا بولمىسۇن ئۇشبۇ سىرىڭ ئىزھار،
ئالامەت زاھىر ئولغۇنچە بۇ سىر دىلدا نىھانەڭدۇر.

مۇخەممەس ئەيلە ئابدۇللا ئاتا، ئوغۇل دىگەن سۆزنى،
جاھانى بىۋاپادىن تائام ئەيلەپ تويمىغان كۆزنى،
ئەجەل ئانداغ ئىرانلار تەنلەرىغە كەيدۈرۈر بوزنى،
بۇلارنىڭ روھى پاكىدىن ئىرىتقاي بۇ قارا يۈزنى،
قىيامەتدە مەدەد قىلسا مەدەد ئىمكانى ئارماندۇر.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەرنى ئاتا ـ ئوغۇل بىر بىرىگە قىلىپ تۇرغاندا شەمئۇننىڭ ئانىسى ئىشىكدە ئاڭلاپ تۇرۇپ، بېرىپ ئوغلى شەمئۇنغە بىر ـ بىر بايان قىلدى. شەمئۇنغە تىترەك فەيدا بولۇپ، ھەممە ئاغىلىرىغە خەبەر بەردى. ھەممە ئاغىلىرى شەمئۇننىڭ ئۆيىگە جەمئى بولۇپ، يەنە

ئانىسىدىن سوراشتى، — ئەي ئانا، سۆزلۈك راستمۇ ئەيغىل، — دېيىشتى. ئانىسى ئارى راستدۇر دەپ قەسەم ئىچتى. ئۇ - غۇللىرى يۈسۈفنى ئۆلتۈرىمىز دەپ ۋەئدە قىلىشتى. ئارىسىدا يەھۇدا دەپ بىر ئاغىسى بار ئەردى، بۇ ئاغىسى ئەيىدىكى: بۇ سۆزلۈكلارنى قويۇڭلار، يۈسۈف ئاتامىدىن ئايىرىلمايدۇر، ئەگەر ئايىرىساڭلار ئۇنىڭ ھەم خۇدايى باردۇر، — دىدى. يەنە بىرسى يۈسۈفنىڭ ئىشىنى مەن قىلاي، يۈسۈفنى سەھراغا ئېلىپ بارايلى، شۇ يەردە ئۆلتۈرسەك بىزدىن گۇمان قىلماس دەپ ئۇشبۇ كېچەش بىرلە تاڭ ئاتدى. بۇ ئاغىلىرى كېلىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى قىچقىرىپ، ھەرقايىسى سۆيۈ - نۈپ ئالدىغە كېلىب: ئەي يۈسۈف تۈشۈڭ مۇبارەك بولسۇن، بىزلەرگە ھەم باياڭ قىلغىل بىزمۇ ئاڭلايلى، — دىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئېيتمىلى ئۇنىمىدى. يۈسۈف ئەلەيھىس - لامنىڭ خىجالەت بولۇپ تۇرغىنىغە، شەمئۇننىڭ ئانىسى سۆز قوشۇغىنىغە لايىق شائىرنىڭ يازغان بەشىنچى نەزمى:

كېلۇر ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
ياخشى ئاڭلا بۇ سۆزلەرنى ئاغىلار،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
ھەقنى سۆزلە سەن ھەم ئانام بولۇرسەن،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
كېچە - كۈندۈز ھەق ئىشىگە سابىت بول،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
غەيرەت ئەيلەپ دەرگاھىغا ئەمەل قىل،

كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
كېچە - كۈندۈز بارۇر يەرنى ئويلىغىل،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.
ئابدۇللا سەن گۇناھكارلار سەرۋىرى،
كۆرگەننى ئېيت كۆرمىگەننى سۆزلىمە.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئاغىلىرىغە تۈشىنى ئېيتىمىدى. ئاغىلىرىنىڭ قەھرى كېلىپ، جەمئى بولۇپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قاشلىرىغە كېلىپ، ئەي ئاتا، يۈسۈفنى بىزگە قوشۇپ بەرسىڭىز، ياز باھار بولىدى، سەھرالارگە گىيالار ئۈندى، گۈللەر ئېچىلدى، بۇلاقلار ھەر تەرەفكە ئاقتى، قويلار قوزىلىدى، بىزلەر يۈسۈفنى ئويىنىتىپ كەلسەك. يۈسۈفنى قىز بالىغا ئوخشاش ئۆيگە سولاپ نىمە قىلىسىز؟ — دىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەفەككۇر قىلدى، باشىنى تۆۋەن سېلىپ ئەيدىكى: ئەي ئوغلانلىرىم، يۈسۈف كىچىك بالا، سىلەر ھەر تەرەفكە كېتىسىلەر، يۈسۈفنى بۆرى يەپ كېتەر، مەن يۈسۈفنى بىردەم كۆرمىسەم تاقىتىم يوق. ئاغىلىرى ئەيدى: ئەي ئاتا، سىز قانداق مېھرىبان بولسىڭىز بىز ھەم ئۇنىڭغا سىزدىن مېھرىبانراقدۇرمىز، نىچۈك بىز يۈسۈفنى تاشلايمىز؟ — دەپ ھەممەلەرى قەسەم ئىچىشتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرمىدى، ئاخىرى بۇ ئاغىلىرى يېنىپ چىقىپ بىر ئۆيگە بېرىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى قىچقىرىپ يۇمشاق سۆز بىرلە دىلىنى ئېلىپ، ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىڭ! دەپ سۆز ئۈگەتتى. يۈسۈف ئاتىسى قېشىغا كېلىپ رۇخسەت تىلەپ تۇرغىنىغا لايىق شائىرنىڭ يازغان ئالتىنچى مۇخەممەسلەرى:

ئىجازەت بەرسەڭىز جانىم ئاتام تۇشتى خىيالىمغا،
تۇشۇبدۇر سىر ئارا شەبنەم مېنىڭ فەسلى باھارىمغا،
بېرىپ ئويناپ كېلەي سەھرادە ئۆسكەن لالە زارىمغا،
كېلەرمەن ئالدىڭىزغا كەچقۇرۇن بولسە دىيارىمغا،
سەبەب بولغاي تاماشا سەيرى سەھرالەر خۇمارىمغا.

باھار بولدى جاھانلار خوش كۆكەردى لالەئى سەھرا،
گۈلىستاندا گۈل ئاچىلدى ناۋادا بۇلبۇلى شەيدا،
كى ھەريان شەۋقىدىن مەستان ئاجايىپ غۇلغۇلە غەۋغا،
باھار ئىچرە كۆرەر بولساڭ نى ئىشلار بولغۇسى فەيدا،
ئاغىلارىم ماڭا تويسۇن بۇگۈن ھۆسنى جامالىمغا.

قەفەسدە بۇلبۇلى شەيدانى بەھرى تافغۇسى ئاندا،
غەم قايغۇسى كۆيدۇردى بۇ ھەسرەت خانەئە ئاندا،
مېنى قوي ئىختىيارىمغا ئەگەر بولساڭ كۆڭۈل شەيدا،
ماڭا رۇخسەت بېرىڭ جانىم ئاتام ئويناپ كېلەي مۇندا،
ماڭا غەمنى راۋا كۆرمە ئىجازەت بەر بۇ ھالىمغا.

مېنىڭ گاھى فىراقىمغە چىمەنلەر يەلپۈنۈپ كۈلسۇن،
مېنىڭ دۇشمەنلىرىم يىغلاپ كى دوستىلار دەرمەھال كۈلسۇن،
ئاتاسىدىن جۇدا بولغان يۈسۈفنىڭ باغرى ھەم قانسۇن،
مۇھەببەت جامىنى سۇنغان رەقىبلەر يۈزىمىڭ ئايلانسۇن،
كى يۈزىمىڭ تەشنەلەر قانسۇن مېنىڭ لەئلى زىلالىمغا.

باھارى گۈل ئەجەب سۆسەن، ئەجەب ۋەقتى، ئەجەب فۇرسەت،

مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلغايلەر ئاتام بەرگىل ماڭا رۇخسەت،
مېنى بۇيەردە قويىماڭ ئەي ئاتا ئەيلەڭ ماڭا شەپقەت،
ئاغىلىرىم ماڭا بولغاي باھارگۈل ۋەقتىدە ئىلپەت،
راۋا كۆرمەس يامانلىقنى خىبىردارى باھارىمغە.

نىچۈك بىلدىكى ئابدۇللا مىكىردىن غافىل ئىدى يۈسۈپ،
ئاداۋىتى كۆڭۈلدە يوق ئىدى يەك دىل ئىدى يۈسۈپ،
فىرىقتە بولدى ئاندا گەرچە كۆپ ئاقىل ئىدى يۈسۈپ،
خۇدانىڭ ھۆكمىغە لايىق يەنە كامىل ئىدى يۈسۈپ،
نىچۈك رازى بولۇر ئەرمىش ئاغىلىرىم زاۋالىمغە.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام-نىڭ: ئەي ئوغلۇم، بۇ سۆزلۈگىدىن يانغىل، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا، سەھراغە بىرىپ پۇشايمان قىلۇرسەن، دەپ نەسىھەت قىلغانىغە لايىق شائىرنىڭ يەتتىنچى مۇخەممەس قىلغانلەرى:

ئاڭلا سۆزۈمنى يۈسۈپ ھەر تەرەپكە بارمىغىل،
قان يىغلاتىپ ئاتاڭنى ھەر تەرەپكە بارمىغىل،
ئولتۇر مېنىڭ قاشىمدە جۇدالىققە بارمىغىل،
نەسىھەتنى ئاڭلاغىل پىدالىققە بارمىغىل،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل.

بولساڭ مېنىڭ ئالدىمدا كۆڭلۈم ھېمىشە توقتۇر،
سەنسىز مېنىڭ قارارىم لەھزى تۇرارغە يوقتۇر،
مېنىڭ كۆرگەن، تۈشۈمنىڭ ئاپەت بالاسى يوقتۇر،

كەلسە ساڭا بىر قازا ھەرگىز داۋاسى يوقتۇر،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۇگۈن سەھرا بارمىغىل.

كەتسەڭ مېنىڭ قاشىمدىن قالاي ئەمدى زار يىغلاپ،
باغرىم مېنىڭ كۆيەدۇر ھىجران ئوتىغە داغلاپ،
قايدىن سېنى تاپارمەن ئەلدىن ئەلگە سوراغلاپ،
تاقىتىم يوق تۇرار ئىشقىڭدە بەلنى باغلاپ،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۇگۈن سەھرا بارمىغىل.

بىلمەم نىچۈك ئالامەت چۈشكەي مېنىڭ باشىمغە،
رەھىم ئەيلەگىل ئەي يۈسۈف بۇگۈن مېنىڭ ياشىمغە،
زەھەر زۇقۇم قوشۇلغاي ھەردەم ئىچرە ئاشىمغە،
ئەمدى قېرىلىق يەتتى نە كۈن كېلەر باشىمغە،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۇگۈن سەھرا بارمىغىل.

يەئقۇب سېنى كۆرمىسە بولغۇسى باشقا ھالى،
دىلىمنىڭ ئارامىدۇر كۆرسەم قەددى نىھالى،
كۆزۈمنىڭ روشنىدۇر يۈسۈف ھۆسنى جامالى،
دۇنيادا ئارام ئالماس يەئقۇبنىڭ ھەسىبى ھالى،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۇگۈن سەھرا بارمىغىل.

سەن سەن مېنىڭ جاھاندا ئارتۇقچە يوق يار جانىم،
كەتسەڭ مېنىڭ يانىمدىن ئاغزىمدا يوق كالامىم،
ھەردەم سېنى كۆرمىسەم نىچۈك بولغاي ئەھۋالىم،
كۆڭلۈمنى بۇزما يۈسۈف خوش فەسلى ئى باھارىم،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۇگۈن سەھرا بارمىغىل.

ئابدۇللا فىكىر ئەيلەپ يۈسۈفنى قىلدى داستان،
ئىشىق ئەھلى سەيرى ئېتەرگە گوياكى ئەردى بوستان،
بۇلبۇلى خوش ناۋاغا ھەريەردە ھەر گۈلىستان،
ئاچىلدى گۈل چىمەندە كەتتى قىشى - زىمىستان،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئۇنىمىدى. رۇخسەت سوراپ تۇرغىنىدا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام نائىلاج رۇخسەت بەرگىنىگە لايىق شائىرنىڭ سەككىزىنچى مەرتىبە ئاتا - بالا ھەققىدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

يۈسۈف ئەيتۇر:

ئىجازەت ئەيلىسەڭ ئەلھال تاماشا ئەيلىسەم سەھرا،
تۇرارغە تاقىتىم يوقتۇر بىلمەم بۇ نىچۇك سەۋدا،
يۈرەكىم تولغۇنۇر بىر ئىش بولۇرمۇ كىم ماڭا پەيدا،
ۋەلى كۆڭلۈم توق ئەردى بولسا ئاندا ھەرنىچۈك غەۋغا،
ئاغىلار مېھرىبانىمدۇر قىلۇر ئەرمىش ماڭا پەرۋا.

يەئقۇب ئەيتۇر:

يىغلاپ ئىدى ئول يەئقۇب كۆڭلۈڭ ئادا بولمىسۇن،
بارساڭ بىرىپ كېلەرسەن خالايىقلار بىلمىسۇن،
ئەھۋالىمغە قايتىدىن تۈرلۈك جافا كەلمىسۇن،
كۆڭلۈمىدىكى مۇددىئا ساڭا راۋا بولمىسۇن،
كۆپ مۇنچە ئالدىرايسەن ساقلار سېنى ئول خۇدا.

يۈسۈف ئەيتۇر:

دىدى يۈسۈف: ئاكاملار ھەربىرى رۇستەمى داستان،
نەچچە يۈز دۈشمەن بولسا قىلغۇر يەر بىرلە يەكسان،
تۈرلۈك - تۈرلۈك مۈشەققەت كەلسە بولۇرلەر ئاسان،
كەلسە بالايى ئافەت قىلغايلەر ئۇنى ۋەيران،
ئاغىلىرىم باتۇردۇر كەلسە باشىمغە غەۋغا.

يەئقۇب ئەيتۇر:

ئەندىشە ۋەھمى قىلماي دۇنيادىكى كىشىدىن،
بىسيار قورقۇدۇرمەن ئول تەگرىنىڭ ئىشىدىن،
مەئلۇم بولۇر ئەي يۈسۈف بۇ يىلنىڭ كەلمىشىدىن،
كۆپ شەۋق ئەيلە ئاتاڭنىڭ ئەۋۋەل كۆرگەن تۈشىدىن،
دەردىڭنى تارتا - تارتا بىلغۇسى ھەم بى داۋا.

يۈسۈف ئەيتۇر:

AltunOq

دىدى يۈسۈف خۇدانىڭ ئەمرىدىن ئۆزگە بولماس،
قاشقان بىلە ھەركىشى تەقدىردىن ھەم قۇتۇلماس،
دۇنيادا ئادىمىنىڭ باشىغە نىلەر كەلمەس،
مەردانە ئەرمەس ھەركىم تۈرلۈك بالانى كۆرمەس،
كۆرسەم كۆرەيىن ئاتا كەلسە تۈشۈگىدىن بالا.

يەئقۇب ئەيتۇر:

يەئقۇب دىدى فىراقىڭ ئوتى بىر كۆيمىسەم،

ھېجرىڭ ئوتى تۇتاشىپ ھەم ئۆرتىنىپ كۆيمىسەم،
گەرداپ ھېجرى غېمىدە ھەم ئۆرتىنىپ قالمىسام،
كۆڭلۈم ھېمىشە كۆزدىن ھەرگىز بەسى كۆرمىسەم،
ۋاقتى يېتىشتى فۇرسەت كەلدى فىراقى ئەسلا.

يۇسۇف ئەيتۇر:

دىدى يۇسۇف ئەجەپ ھال مېنىڭ يوقتۇر قارارىم،
ئاغىلاردىن ئايرىلىپ ھەرگىز يوقتۇر تۇرارىم،
خۇدانىڭ دەرگاھىدا كۆڭلۈم ئېرۇر غۇبارىم،
رۇخسەت بېرىڭ ئەي ئاتا يوقتۇر مېنىڭ ئىزارىم،
كېلەرمەن ئالدىڭىزغە بۈگۈن ۋە ياكى تاڭلا.

يەئقۇب ئەيتۇر:

يەئقۇب ئەيدى ئول زامان ئەمدى ساڭا ئىجازەت،
ئويناپ كۈلۈپ كېلەرسەن تەقدىر ۋاقتى سائەت،
مۇڭلۇق ئاتاڭ دىدارى ئېردى ساڭا غەنىمەت،
ئاغاڭ بىرلە قوشۇلۇپ قىلغىل تاماشا فۇرسەت،
كەلسەڭ ئەجەپ غەنىمەت بۈگۈن ۋە ياكى تاڭلا.

نەزمە ئەيلەدى ئابدۇللا يەئقۇب يۇسۇف ھالىدىن،
نوسخى ئەيلەدى يۇسۇفنىڭ ھەم سالى ھەم قالىدىن،
ھەركىم ئىشىتسە يىغلار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن،
مەھشەر كۈنى ئابدۇللا كۆرمەسمۇ دىدارىدىن،
ھەم ھېچكىم ئۇلارغا مەندەك بولماسكى دىلدە گويا.

ئەلقىسسە: ئاتا ـ ئوغۇل بۇ سۆزدە ئىردىلەر، ئاغىلىرى يەنە كىرىپ تائىزىم قىلىپ دىدىلەركى: ئەي ئاتا، نىمە مۇنچە زار قىلۇرسىز؟ بىز ھەم سىزدىن مېھرىبانراقتۇرمىز، ھازىر ئېلىپ بارساق كەچقۇرۇن ئېلىپ كېلۇرمىز، دەپ تىلەپ تۇردىلەر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىلاج يوق رۇخسەت بىرىپ دۇئا قىلدى. يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر نەرسە بار ئىردى، ئانى بەردى. ئاندا كېلىپ ئولتۇرۇپ يەنە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن قالغان كەمەرنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىغە باغلاپ شاھانە كىيىملەرنى كەيدۇرۇپ ئاغىلىرىنىڭ قولىغە تاپشۇرۇپ بەردىلەر. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنى ـ جامالىغە ئاسماندىكى فەرىشتەلەر نەزەر سالۇر ئىردىلەر، يەنە ھاۋادىكى ئۇچار قۇشلار تۈرلۈك ئاۋازدا سايراشۇر ئىردىلەر، يەنە يەردىكى ئىنسىن ـ جىن، دىۋە ـ پەرىلەر تەھسىن ئافىرىن قىلۇر ئىردىلەر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىغە: مېنى رازى قىلاي دىسەڭلەر يۇسۇفنى ئەۋۋەل خۇداغا، ئىككىنچى سىزلەرگە تاپشۇردۇم! دەپ، جۇدا بولۇپ قالغانىغە لايىق يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىدە شائىرنىڭ توقۇزىنچى مەرتىبە يازغان نەزمىلەرى:

يەئقۇب ئەيدى ئوغلانلار مېنىڭ پەندىم ئالغايسىز،
يۇسۇفۇمنى كەچقۇرۇن ماڭا ئېلىپ كەلگەيسىز.
زىنھارى مېھرىبانىم بارچە مېنىڭ ئوغلانىم،
يادىڭىزغە سالغانىم مېنى رازى قىلغايسىز.
قىلماڭ ئىنى پىيادە سەھرالارغە بارغاندە،
قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە ھەقنى ھازىر كۆرگەيسىز.

يۈسۈفنى ھەم ئاچ قويماڭ تەشنا قىلىپ قاقشاتماڭ،
شەيتان سۆزىگە كىرمەڭ دەرگاھىدە قاچقايسىز.
ئاتا ھەققىم ساقلاڭىز يۈسۈف بىرلەن قايتارسىز،
ۋاقتى دىگەر بولغاندا ئېلىپ ماڭا كەلگەيسىز.
قىلدىم سىزگە نەسىھەت ئەيلەڭ سۆزۈمگە بەيئەت،
مەن سىزلەرغە غەنىمەت سۆزگە قۇلاق سالغايسىز.
ئافتاپ ھەم ئىسسىقدۇر يۈسۈف تېنى نازۇكدۇر،
ھاۋا تەگسە بىتاپدۇر زىنھار پەرۋا قىلغايسىز.
يۈسۈف باغى باھارىم نىچۈك بولغاي ئەھۋالىم،
تۇرارغە يوق مادارىم مۇنى ياخشى بىلگەيسىز.
ماڭا ئازار بەرسەڭىز ماڭا قايغۇ سالسەڭىز،
يەنە ئوتلۇق ئاھىمدىن ئەمدى ھەزەر قىلغايسىز.
ئابدۇللا ئىنشائاللا يۈسۈفنى نەزم قىلدى،
يەئقۇب ھالىنى بىلدى قىيامەتدە كۆرگەيسىز.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ئاغىلىرى ئېلىپ چىقىپ، سەھرا تەرەفكە راۋان بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاتىنىڭ ئالدىدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى گەردەنلەرىگە كۆتىرىپ ئىززەت - ئىكراملار بىرلەن يولغە يۈردى، لېكىن كۆڭلىدە ئاداۋىتى تولا ئىردىلەر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇل كۈنى ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ، يول باشىغە چىقىپ قاراپ تۇردى. بۇلارنىڭ قارىسى ئۆتۈپ كەتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىبەرگەنىگە پۇشايمان قىلغان ئۈچۈن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىغە يېتىپ شائىرنىڭ ئونىنچى مەرتىبە يازغان مۇخەممەسلەرى:

مېنىڭ كۆز رەۋشىنىم باغى باھارىم،
قولۇمدىن كەتتى ئەمدى ئىختىيارىم،
بالادىن ئاسراغىل پەرۋەردىگارىم،
مېنىڭ ھەددىن ئېشىپدۇر ئىنتىزارىم،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

دۇئاغە مەن كۆتەرگەندە بىلەگىم،
ئىجابەت قىل دۇئايىمنى ئىلاھىم،
جۇدالىق ئوتىغە كۆيسە يۈرەگىم،
ئىچۇك سالدىڭ بۇ سەۋداغە ئىلاھىم،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

كۆيەر ھېجرىدە ئەمما يوق ئامالىم،
يەنە قايتىپ كېلەر دەپ يوق گۇمانىم،
فىراقىدە لەبىمغە يەتتى جانىم،
قايان كەتتى قېشىمدىن مېھرىبانىم،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

بىلەلمەسمەن نى سەۋدالەر كېلەرنى،
باشىم يۈز تۈمەن غەۋغا كېلەرنى،
بۈگۈنمۇ تاڭلامۇ نىلەر كۆرەرنى،
كى ئاندىن سوڭ مېنى رەسۋا قىلارنى،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

بولۇرمەن بۇلبۇلى ھەم تازە باغىڭ،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە قالدى ھىجرى داغىڭ،

ئىبەردى شەربىتى فۇرقەت ئاياغىڭ،
مېنى بولماس دېمە ھەرگىزدە ساغىڭ،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

دېدى يەئقۇب يۈسۈفۇم ئەمدى خوش بار،
ئاتاڭ قالدى سېنىڭ دەردىڭدە دىشۋار،
ساڭا بولسۇن ھېمىشە ئول خۇدا يار،
نېسىپ ئەتسە يەنە كۆركۈتسە دىدار،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

يازار ئابدۇللا، يەئقۇب نەزمەسىنى،
ئوقۇب ئاڭلا خوجىلار بەزمەسىنى،
قالۇرلەر يادىگارى ئەزمەسىنى،
ئەمدى فاتىھەلىك مەجلىسىنى،
ماڭا سەن سەبرى بەر پەرۋەردىگارىم.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلانلەرىنى ئۈزىتىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەردىدە يىغلاپ، خۇدايى تائالاغە مۇناجات قىلىپ، بالا ۋە قازالاردىن سالامەت ساقلاغىل دەپ قايتىپ كېلىپ بىر يالغۇز دەرەختنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. ئول سائەتدە شامال چىقىپ دەرەختنىڭ شاخلەرى ۋە يەنە يوفۇرماقلەرى شاراخلاپ «قىرىق - قىرىق» دېگەن ئاۋاز كەلدى. شول زامان يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سورىدىكى: ئەي خۇدانىڭ گىياسى، يۈسۈف ئوغلۇمنى كۆرەيمۇ، قاچان كېلۇر دەپ ئەيدىلەر، يەنە دەرەختدىن «قىرىق - قىرىق» دەپ ئاۋاز كەلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

سورىددكى، ئەي دەرەخ قىرىق كۈنمۇ ياكى قىرىق يىلمۇ؟ دەرەختىدىن ھېچ ئاۋاز كەلمىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىھوش بولدى، يەنە ھوشىغا كەلدى. زامانىدىن سۆك، يەنە نالە ۋە زار قىلا باشلىدى. ئۇل خۇدايى تائالادىن نىدا كەلدى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىرىق يىل دىگەن ئاۋازنى ئىشىتىپ نائىلاج ئۆيلەرىغە كەلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نارجان ئاتلىق بىر سىڭلىسى بار ئىردى. ئۇنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغە كىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلغىنىغە زار يىغلاپ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغە تەسەللى زاھىر قىلغانلەرىغە لايىق كەلتۈرۈپ شائىرنىڭ ئون بىرىنچى مەرتىبە ئازغان مۇخەممەسلەرى:

جانىم ئاتام سۆزنى بايان ئەيلەيىن،
قېرىنداشىم قايان كەتتى نەيلەيىن،
ھەسرەتىدە مەھكەم بېلىم باغلايىن،
تا تىرىك مەن فىراقىدە يىغلايىن،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

ۋا ھەسرەتا يۇسۇف ئاغام كەتتىلەر،
لەبلەرىغە مېھرىم قانماي كەتتىلەر
جامالىغە مېنى مۇشتاق ئەتتىلەر،
جۇدالىقنى ماڭا تاشلاپ كەتتىلەر،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

غافىل بولۇپ كارۋانىمنى كۆچۈردۇم،
قولۇمدىكى شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم،

ھەسرەت بىلەن ئەمدى كۆنلۆم كۆچۈردۆم،
جۇدالىقنىڭ شارابىنى ئىچۈردۆم،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

ئەمدى كۆرسەم جانىم بىلە سۆزلەسەم،
تاپىلۇرمۇ سىما بولۇب ئىزلەسەم،
كېلەرمۇ دەپ كەتكەن يولىن كۆزلەسەم،
ئۆتكەنلەردىن سوراق سوراپ ئىزلەسەم،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

مەن ئاجىزغە ھەرگىز سىرنى ئېيتمىدى،
ئارمان بىلەن ھەم خوشلۇشۇپ كەتمىدى،
بۇ دۇنيادا مۇرادىغە يەتمىدى،
ۋا ھەسرىتا مەندىن خاتا ئۆتمىدى،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

دۇررى مارجان لەب تىشلارى سەدەپدە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىسامەن چىمەندە،
كېچە ـ كۈندۈز نەۋھى فەرياد فىغاندە،
كۆرەر كۆزۈم قېرىنداشىم قايانده،
جامالىڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

ئابدۇللا سەن نارجاننى بىلسەڭىز،
يۇسۇف كەبى يۈرەكنى تىلسەڭىز،
نارجاننى نەزم ئەشئار قىلسەڭىز،

ئەجەپ ئىرمەس قىيامەتدە كۆرسەڭىز،
جامالڭىز قىيامەتدە نەيلەيىن؟

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىزى بۇبى نارجاننىڭ تەسەللى زاھىرىغە نىمە جاۋاپ بەرمەكلەرىنى بىلەلمەي بىھۇش بولۇپ قالدى. جۇدالىق دەردىغە تۇشكەنىغە لايىق كەلتۇرۇپ شائىر ئەفەندىنىڭ ئون ئىككىنچى مەرتىبە يازغان ئەبياتلەرى:

يۇسۇف كەتتى يەئقۇب قالدى دىل ئالدى،
يولغە تۇشۇپ ئاغىلىرى قول ئالدى،
گۇلزارىمنى شامال بىرلەن سەيل ئالدى،
غەم لايىغە قالدىم مىنى كۆل ئالدى.

نالە قىلىب يۇرەگىمنى كۆيدۇرمە،
ھەسرەت بىلەن ئىچ باغرىمنى تولدۇرمە،
ئەي ئاتا سەن گۇل يۇزۇڭنى سولدۇرمە،
باشىم ئۇرۇپ خىزمەتىمنى كىم ئالدى؟

ئۇمىدىم بار يۇسۇف ئوغلۇم كېلۇر دەپ،
قادىر ئىگەم يەنە قايتىپ بېرۇر دەپ،
ئوغلانلىرىم مىنىڭ قەدرىم بىلۇر دەپ،
ئوغلانلىرىم ۋەئدە بىرلە قول ئالدى.

ئوينىاپ كەتكەن يۇسۇف بالام كەلمەسە،
مىنىڭ سۆزۈم ئاڭا تەئسىر قىلمىسا،

نەسىھەتكە ئۇلار قۇلاق سالمسا،
ياشىم تۆكۈپ ساقىلىمنى ھۆل ئالدى.

ھەم ئايرىلىپ مېنىڭ ھالىمنى كېچەر،
ئالدىمدىكى چىراقلار ھەم ئۆچەر،
جاندىن ئارتۇق يۇسۇف بالام نىكېچەر،
باياباىلەر بارچەسىنى خۇن ئالدى.

ئابدۇللا سەن يەئقۇب ھالىن سۆزلەمە،
فانى دۇنيا ھەسرىتىنى كۆزلىمە،
ئەي يارانلەر كۆرۈڭ يەئقۇب زىلزىلە،
كىم دۇنياغە كەلسە ئاخىر يول ئالدى.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزلەر تامام بولغان كېچەسى نارجانخان بىر تۇش كۆرۈپ، ئەرتەسى ئاتاسىغە بايان قىلدى: ئەي ئاتا، مەن بىر تۇش كۆردۇم، كەنئانىنىڭ سەھراسىغە ئۇن بۆرى پەيدا بولدى. يۇسۇفنى ئارىغە ئېلىپ ئېغىز سالدى. شول ئارادا يۇسۇف غايىپ بولدى، قايان كەتتى بىلمەدىم...

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئەي قىزىم، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن تۇشۇمىز بارابەر بولۇپتۇر، ئەمدى غەم يىمەيلى، خۇدايى تائالا ساقلىسا ئىنشائاللا بىر كۈنى كۆرەرمىز دەپ كۆڭۈللىرىغە تەسەللى خاتىر بېرىپ ئۆيلەرىغە كىردىلەر. ئول كۈنى كېچە بولدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ھېچ خەبەر كەلمەدى.

ئەلقىسسە: ئەمدى سۆزنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن

ئىشتىمەك كېرەك.

ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدە يۇسۇف ئەيھىسسالامنى ئاغىلىرى بوينىغە مىندۇرۇپ، ئىززەت - ئىكرام بىرلەن يولغە راۋان بولدى. ئۇلار ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولغاندا، يۇسۇفنى يەرگە ئاندىغ ئۇردىلەركى، ئۇنىڭ بەدەنلەرى تىترەپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ، خۇدا قۇدرىتى بىلە يەردىن نەچچە مەرتىبە يۇمىلۇنۇپ قوپۇپ، ئاغىلىرىنىڭ ئاياغلەرىغە يافىشىپ زار - زار يىغلاپ ئەيدىلەركى:

— ئەي ئاغىلىرىم، سىزلەرغە مەن نىمنە گۇناھ قىلدىم؟ ماڭا ناھەق جازا بەردىڭلار، ئاتامنىڭ ئالدىدا نىمە دەپ ئېلىپ چىقتىڭلار؟ خۇدادىن قورقمامسىلەر؟

ئۇلار:

— ئەي يۇسۇف، ئەمدى تولا سۆزلىمە! سېنىڭ ئەمدى جانىڭ بىزدىن قۇتۇلمايدۇ، دەپ يۇسۇفنى بىر چۆلگە ئېلىپ باردى. ئول يەردە يۇسۇفنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاپ قويدى. يۇسۇف تەلمۈرۈپ ھەرتەرەفكە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئاغىلىرى قولىغە قىچاق ئېلىپ ئېردى، يۇسۇف ئۆلۈمگە رازى بولۇپ قالدى. قىچاقنى ھەلقەسىغە قويۇپ ئېردى، شول سائەتدە غايىپدىن بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئەي ئوغلانلەر! پەيغەمبەر زادىنى مۇندىغ ناھەق ئۆلتۈرمەك راۋا ئېرمەس، خۇدايى تائالادىن قورقمامسىلەر؟ ئەگەر يۇسۇفكە ئازار بەرسىڭىزلەر، خۇدايى تائالا سىزلەرگە ھەم غەزەپ قىلۇر!

ئاندىن كېيىن يەنە يەردىن بىر ئاۋاز كەلدىكى:

— ھەركىم خۇدادىن قورقمىسا قارۇننى يۇتقاندەك سىزلەرنى ھەم يۇتەرمەن!

ئاندىن كېيىن ئاغىلىرى يۇسۇفنى بىر جاڭگالغا ئېلىپ باردى. ئۇل يەردە ئۇلار يەنە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ، قول-پۇتلىرىنى باغلاپ، يەردىن-يەرگە سۆدرەپ ئېلىپ يۈردى. يەرنىڭ گىيالىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەنلىرىنى تىلىپ، كۆينەكى قانغە بويالدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلەرگە ماجالى قالمىدى. ئاغىلىرىغە يالۋۇرۇپ ئەيدىلەركى: ماڭا رەھىم قىلمىساڭلار، ئاتىمىزغا رەھىم قىلىڭلار، ماڭا مۇنداغ جازانى قىلماڭلار!

ئاغىلىرى ئەيدىلەركى:

— ئەي يۇسۇف! جانىڭدىن ئۈمىدنى ئۈز! بىزلەر ساڭا رەھىم قىلمايمىز. ساڭا كۆرگەن تۈشۈڭ رەھىم قىلىپ بىزدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالسۇن!

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىچارە بولۇپ ئاغىلىرىغە سۆز تەئسىر قىلمىغان ئۈچۈن ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نىسىھەتلەرىنى تۇتمىغىنىنى نىسىغە كېلىپ پۇشايمان بولۇپ قالغىنىغە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىغە يېتىپ شائىرنىڭ ئون ئۈچىنچى مەرتىبە يازغان تەزمىلەرى:

ئاتام پەندىن ئالمىغاننىڭ جازاسى،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.
ھەرگىز مۇنداغ بولارىنى بىلمەدىم،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئۆيدە يېتىپ غەم غۇسسەنى كۆرمىدىم
ئېسسىقتىلەر قىلدى قۇلاق سالمىدىم،
ئاتام قىلغان سۆزلەرنى ئالمىدىم،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئاغىلارغە ئىشەنگەننىڭ جازاسى،
مۇندا كېلىپ ئەمدى كۆردۇم مىزاسى،
ھەرگىز يوقتۇر بۇ دەردىمنىڭ داۋاسى،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئاتام مېنى ئىچقۇك باغلاپ قويمىدىڭ،
يىغلىغاندا كۆزلەرىمنى ئويمىدىڭ،
بۇ جاپاغە قالغانىمنى بىلمىدىڭ،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئاغام دىدىم چىن ئىشەندىم بۇلارغە،
بۇلار قىلدى گىرىفتارى بالاغە،
يېتەلمىدىم بىر ياراتقان خۇداغە،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئابدۇللا سەن يۇسۇف ھالىنى بىلدىڭ،
بۇ ھىكمەتكە بەلنى مەھكەم باغلىدىڭ،
بى ئىجازەت ھەرگىز قەدەم قويمىدىڭ،
جازا ماڭا بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن ئاغىلىرى ئەيدىلەر:
— ئەي يۇسۇف، سېنىڭ بۇ نالە زارىڭ بىزلەرگە تەسىر قىلماس. بىزدىن ئەسلا ياخشىلىقنى تەمەئ قىلمىغىل. ئاتاڭنىڭ سۆيگىنىنى ئاز دەپ، يالغان تۈشنى كۆردۈڭ، باباڭغا ئىبتسام مېنى ئەۋۋەلقىدىن ياخشىراق كۆرەر دەپ ئويلىدۇڭ، كۆرگەن يالغان تۈشۈڭ سېنى بۇ بالاغا گىرىفتارى قىلدى.

ئۇلارنىڭ ھەربىرى يۇسۇفنى تاياق بىرلە ئۇرۇپ، يەرگە سۆرەپ ئۇنى قانغە بويىدى، ئۇنىڭ مۇبارەك لەب-لەرى تەشنا بولۇپ، ئەھۋالى خاراپ بولدى. بۇ مېھنەت ئازابىدە جان چىقىدى. يەنە ئۇشبۇ ھالەتدە ئاغىلەر ئۇنى بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قول ۋە پۇتلىرىنى مەھكەم باغ-لاپ، قىچاقنى قولىغە ئالدى. ئول سائەتدە يۇسۇف ئەلەي-ھىسسالام ئەمدى تەھقىق ئۆلەرمەن دەپ ئاغىلىرىغا:

— ماڭا بىر سۇ بەرسەڭلار، بۇ دۇنيادىن تەشنالىنىپ كەتمەي دىگەن ئىدى، ئاغىلىرى سۇ ئېلىپ كېلىپ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۆرۈپ يەرگە تۆكتى. ئۇلار:

— ئەي يۇسۇف! ساڭا ئەمدى رەھىم يوق! بىزگە كۆپ نالە-زارە قىلما دىيىشتى. شۇئان يەنە يەردىن ئا-ۋاز چىقتى.

— ياقاڭلاردىن تارتىپ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە يۇتەر-مەن. ھەممىڭلارنى دەۋزەخغە تارتارمەن، قىيامەتدە قارا يۈز بولۇرسىزلەر!

بۇ ئاۋازنى ئىشتىپ يۇسۇفنىڭ ئاغىلىرى بەھەد قورقتى. ئۇنى ئول يەردىن ئېلىپ يەنە بىر يەرگە ئېلىپ باردى،

ئۆلتۈرمەككە يېقىن بولدى. ئاندا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چوڭ ئاغىسىغا يالۋۇردى. بۇ ئاغىسى روبىرو بىر كاچات ئۇردى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەرگە يىقىلدى. ئۇ يەنە شەمئۇن دېگەن ئاغىسىغا باردى، ئۇل ھەم بىر كاچات ئۇردى. يۇسۇف ھەممە ئاغىلىرىغە يالۋۇردى. ھىچ قايسى رەھىم قىلمىدى، ئۇ يەھۇداغە بېرىپ يالۋۇردى.
ئەيدىكى:
— ئەي ئاغام! سېنىڭدىن ئۈمىدىم بار، مېنى بۆلار-نىڭ بالاسىدىن قۇتقۇزغىل!
يەھۇدا دەم ئۇرمىدى، لېكىن ئىچىدە كۆپ ئاھ ئۇر-دى. ياخشى-يامان سۆزلىمىدى. ئۇشبۇ ھالەتدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاغىلىرىغا يالۋۇرغىنىغا لايىق يۇسۇف ئەلەي-ھىسسالامنىڭ ھالىغە يېتىپ شائىرنىڭ ئون تۆرتىنچى مەر-تىبە يازغان مۇخەممەسلەرى:

كۆزۈم نۇرى ئاغىلىرىم ماڭا جەبرى جافا قىلمە،
ئاتىمىز ھەققىدە ئەمدى يۈرەك باغرىم ئادا قىلمە،
مېنىڭ نازۇك تېنىمنى رەھىم ئەيلەپ كۆپ يارا قىلمە،
تۇرارغە تاقىتىم يوقتۇر باشىمغە ماجرا قىلمە،
ئاتامدىن ئايرىلىپ كۆيگەن يۈرەگىمنى ئادا قىلمە.

مېنىڭ ھالىمغە رەھىم ئەيلەپ بابام فەريادىغە يەتكىل،
نىچۈك بولسە گۇناھىم ئەفۇ ئەيلەپ دادىمە يەتكىل،
ئاتامغە رەھىم ئەيلەپ مېنىڭ فەريادىمە يەتكىل،
ئەجەپ تەقدىر ئاتامنىڭ دەردىنى مەندىن يىراق ئەتكىل،
غېرىب ھالىمغە رەھىم ئەيلە ماڭا مۇنداغ جافا قىلمە.

بىلۇرسىز ئەي ئاغىلىرىم جاقالىنىڭ مەن قۇلىدۇرمەن،
ئەگەرچە بىلسىڭىز خاكى جاھانىنىڭ بىر گۇلىدۇرمەن،
چىمەنلەردە فىغان ئەتكەن بابامنىڭ بۇلبۇلىدۇرمەن،
كۆرەر كۆزى ئۇنىڭ ئېردىم يەنە جانى دىلىدۇرمەن،
بابامنىڭ خاتىرىدىن قىلساڭ بۇ ئىشلارنى راۋا كۆرمە.

ئەزەلدە قىسمىتىم بولدى فەلەك ئۇردى ماڭا شەبخۇن①،
مېنى بىچارىلەر قىلدى يىقىلدى باشىمە گەردۇن،
راۋا كۆردى بۇ ئىشلارنى ماڭا ئول خالىقى نىچۇن،
تەرەھھۇم قىل ئەيلەگىل ئەمدى ئاغالىق ھەققىدە بۇگۇن
مېنىڭ دەردىمغە ئەيلەپ بۇ يوللاردە ئادا قىلمە.

يۈسۈفنىڭ روھنى شاد ئەت ئابدۇللا ئوقۇ قۇرئان،
ئۇنىڭدەك نازىنىن دوستىڭ كى روھىن ئەيلەگىل شادان،
خالايىق ئاڭلىسا ئۇشبۇ مۇخەممەسنى بولۇر گىريان،
تەفەككۇر ئەيلەگەن ئادەم بۇ قىسسەغە بولۇر ھەيران،
سوراغ سالىب ئىشىكلەردە تېنەپ يۈرگەن گادا قىلمە.

ئەلقىسسە: بۇ غەزەلنى خۇش ئاۋازلىغ مالائىكىلار خۇدايى تائالاغە نالە قىلىپ ئەرز قىلدى. شول زامان خۇدايى تائالانىڭ قۇدرىتى بىلە ئاسمانىنىڭ ئىشىكلەرى ئاچىلدى. فەرىشتەلەر بەتامام يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغە رەھىمى كېلىپ، خۇدايى تائالاغە: ئىبارا خۇدايا، يۈسۈفكە رەھىم قىلىپ بۇ بالادىن ئۇنى ئامان قىل. بىزلەرگە ئەمر

---

① شەبخۇن — قاراڭغۇلۇق.

قىلساڭ يۈسۈفنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالساق! — دەپ ناله قىلدى. ئاللا تائالادىن ندا كەلدىكى:

— ئەي مالائىكلەرىم! يۈسۈف مېنىڭ سىدىقىم ئېرۇر، سىزلەر سەبرى قىلىڭلار، مېنىڭ قۇدرىتىمنى تاماشا قىلىڭلار! فەرىشتەلەر سەبرى قىلدىلەر. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ هالەتكە قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ ئون بەشىنچى مەرتىبە يازغان ئەبياتلەرى:

تارتقان ئايرۇر ئاچچىق - سىچۇك مىزاسى،
هەددىن ئارتۇق بۇ دۇنيانىڭ ئىزاسى،
ماڭا يەتتى ئاغىلىرىم تازاسى،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغانىنىڭ جازاسى.

مېنى كۆرسە ئىبرەت ئالۇر خالايىق،
رەھىم ئەيلەگەي ماڭا ئاقىلۇ فاسىق،
خامۇش بولۇر مېنى كۆرسە خالايىق،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغانىنىڭ جازاسى.

ئادىمىنىڭ كۆبدۇر جەرمى خاتاسى،
ئاخىرەتدە يۈزى ئۇنىڭ قاراسى،
گۇناھ بىلە نامە ئەئمال سياسى،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغانىنىڭ جازاسى.

هەركىمەرسە كۆكەرەڭگەي ئۆتمىسە،
قىلغان ئىشى هەم ئىلگىرى كەلمىسە،

قايدا بارسا يۇ ھەم راۋاج تاپمىسە،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغاننىڭ جازاسى.

يۇسۇف ئېيتۇر: مۇشەققەتتە بولغانىم،
باياباندا بۇ بالاغە قالغانىم،
غۇنچە گۈلۈم ئېچىلمايىن سولغانىم،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغاننىڭ جازاسى.

ئابدۇللا سەن بىر غېرىبى بى ۋەتەن،
يوقتۇر سەندە تەئىنلەنگەن بىر ۋەتەن،
مۇنداغ بولۇپ يۈرگەننىڭنى بىلەمسەن،
ئاتا ئەمرىن تۇتمىغاننىڭ جازاسى.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن، يەھۇدا دىگەن ئاغىسىنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ ھەر قايسىلىرىغە بىر غەزەپ بىرلە قاراپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە ئەيدىكى:

— ئەي يۇسۇف، قورقما، غەم يىمە، سېنى مەن ھەرگىز ئۆلتۈرگىلى قويىماسمەن. مەن ھايات بولسام ساڭا ھىچ بالا كەلمەس. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسە، سېنى ئۆلتۈرۈر.

ئۇ يەنە باشقىلىرىغە

— ئەمدى بۇ ئىشىڭلاردىن قايتىڭلار، مۇنداغ يامان ئىشلارنى قىلماڭلار، — دىدى.

ئاغىلىرى:

— يەھۇدا، ئەۋۋەل بىزنىڭ بىلەن ئەھدە قىلىپ، ئەمدى نىمە بولدۇڭ؟ — دىدى.

يەھودا ئەيدى:

— ئارى راس، ئەھدە قىلدىم. لېكىن يۇسۇفنى ئۆل-

تۇرمەككە رازىلىقىم يوق. بۇ ئىشقا خۇدايىم رازى ئەمەس، يەردە، ئاسماندا بولغان مالائىكلار ھەم رازى ئەمەس. ئەگەر يۇسۇفنى ئۆلتۈرسىڭىزلەر، مېنى ھەم بىرگە قوشۇپ ئۆلتۈ-رۈڭلار!

ئۇلار، ئانداغ بولسە نىچۈك قىلماق كېرەك؟ يەھۇدا قانداق مەسلىھەت كۆرسەتسە، بىزلەر ھەم ئۇشبۇ مەسلىھەتكە رازى بولايلى، دەپ يەھۇداغا:

— ئەي يەھۇدا، سەن نىمە مەسلىھەت قىلساڭ، بىزلەر ئۇنايلى، — دىدى.

يەھۇدا ئەيدىلەركى:

— ئۆلۈمدىن باشقا جازاغە رازى بولۇرمەن!

يەنە بىر ئاغىسى:

— ئانداغ بولسا يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىساق قانداق؟— دەپ يەھۇدادىن سورىدى. يەھۇدا: خوپ بولۇر، قۇدۇققا ئۆز قولۇم بىرلەن سالۇرمەن، — دىدى. ئەمما يەھۇدانىڭ كۆڭلىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە ئازار بەرمەسلىك بار ئېر-دى. ئاڭا ھەم ئاغىلىرى رازى بولدىلەر. شول يەردە بۇ-رۇن شەدداد دىگەن پادشاھ كولىتاي بىر قۇدۇق بار ئېردى، قۇدۇق مىسىرنىڭ يولىدا ئېردى. ھەر تەرەفدىن كارۋانلار كەلسە، ئۇشبۇ قۇدۇقدا ماللىرىنى سۇغۇرۇپ، ئۆزلىرى ھەم سۇ ئىچىپ كېتەر ئېردى. بۇ قۇددۇقنىڭ چۇڭقۇرلۇغى قىرىق غۇلاچ ئېردى. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى بۇ قۇدۇقنىڭ بېشىغا ئېلىپ كەلدى، بېلىغە كەمەر بەندىنى باغلاپ قويدى. ئول كەمەر يىگىرمە غۇلاچ ئېردى. كەمەندد-نىڭ بىر ئۇچىنى يەھۇدا تۇتۇپ يۇسۇفنى قۇدۇققە سالدى.

شول سائەتتە يەنە بىر ئاغىسى كېلىپ، قىچاق بىرلە كەمەندىنى كېسىپ ئەتتى. ئاللا تائالا ھەزرەت جەبرائىلنى بۇيرىدى: دەرھال بارغىل، يۈسۈفنى تۇتقىل! شول زامان جەبرائىل يېتىپ كېلىپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ قۇدۇققە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئول قۇدۇقتا بىر تاش بار ئىردى. ئول تاش نوھ پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىغە ياغقان تاش ئىردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئول تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئەلقىسسە بۇ ئىشدىن كېيىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغە بىر كۈنى كېلىپ ئىردى. رەسۇل ئەلەيھىسسالام سورىدىكى:

— يا بۇرادىرىم جەبرائىل، ئۆمرۈڭىزدە مۇشەققەت كۆردىڭىزمۇ؟ — دىدى.

جەبرائىل:

— ئۈچ يەردە مۇشەققەت كۆردۇم، قالغىنى ئاسانىش، — دىدىلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىدىلەر:

— قايسى - قايسى؟

جەبرائىل:

— ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربان قىلماقچى بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلغە:

— ئەي ئوغلۇم! سېنى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى بولدۇم. خۇدانىڭ ئەمرى ئۇشبۇدۇر، — دىدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ جانىم خۇدا رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق ئەي

ئاتا! — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى، شول زامان مىينا تاغىغە ئېلىپ بېرىپ، پىچاقنى بوغوزىغە قويدى. ئىسمائىل تەقبىل رەببىنا دەپ بويۇن سۇنۇپ ياتتى. شول زامان نىدا كەلدىكى:

— ئەي جەبرائىل، تېز بارغىل، پىچاقنى ئۆتكۈزمە! مەن پىچاقنى ئۆتكۈزمىدىم. خۇدايى تائالا قۇدرىتى بىرلەن بىھىشتىن ئۇنىڭ ئورنىغە بىر قوشقار چىقاردى. بىرى بۇ ئېردى. يەنە ئىككىنچىسى، يۇسۇفنى ئاغىلىرى قۇدۇققا تاشلىغاندا مۇشەققەت كۆردۇم. ئۈچىنچى، سىزنىڭ مۇبارەك تىشىڭىزنى ئەھەد تاغىدە شېھىد بولغاندە مۇشەققەت كۆردۇم، دەپ نەقىل قىلدىلەر.

ئەمدى ئىككىنچى فەسىلدە سۆزنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئىشىتمەك كېرەك:

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئول قۇدۇق قاراڭغۇ ئېردى. ئول قۇدۇقدە بىر ئىلان بار ئېردى. ئول ئىلان بېشىنى كۆتەردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قورقتى. ھەزرەت جەبرائىل ئىلاننى ئۇردى. ئىلاننىڭ كۆزى كور بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قورقمىدى. ھەزرەت جەبرائىل بىھىشتىن بىر ھۆللە كىيىم ئېلىپ كېلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە كىيدۈردى. يەنە نېئمەتلەرنى ھەم يېدۈردى، ئاندىن كېيىن جەبرائىل قايتىپ كەتتى. قۇدۇقنىڭ ئىچى يورۇق بولدى. ئول قۇدۇقتا بىر بوۋاي بار ئېردى. ئول بوۋاي يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە سالام بەجا كەلتۈرۈپ تۇردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئول

بوۋايدىن سوئال سورىدى:
— كىم بولۇرسەن؟ — دىدى.
بوۋاي ئەيدى:
— مەن ئادىمى تۇرۇرمەن. ھەزرەت شىيس پەيغەمبەر-نىڭ قەۋمىدۇرمەن. بىر كۈنى كىتاپ ئوقۇپ ئىردىم سىزنىڭ ۋەسفىڭىزنى ئول كىتاپدا كۆردۇم. كىمى تاقەت قىلالماي خۇدايى تائالاغە مۇناجات قىلدىم:
— پەرۋەردىگارا، ئۇشبۇ بەندەڭنى ماڭا كۆرسەتمىگۇنچە مىنىڭ جانىمنى ئالمىغايسەن دەپ دۇئا قىلىپ ئىردىم، ندا كەلدىكى:
— ئەي بوۋا! شەددادنىڭ كولىغان قۇدۇقىغە بىرىپ ماڭا ئىبادەت قىلساڭ، ئىككى يۈز يىلدا كۆرەرسەن،— دىدى. شول ۋاقتدىن بىرى مەن ئۇشبۇ قۇدۇقتا سىنى ساقلاپ ياتتىم، — دىدى.
ھەزرەت يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— ئەي بوۋا، ئول ۋاقتدىن بۇ ۋاقتغە نىمە تائام يىدىڭ؟ نىمە ئىچتىڭ؟
بوۋاي:
— خۇدايى تائالا ئۆز قۇدرىتى بىرلەن بىر گىيا ئۈندۈردى. ئول گىيا بىر ئاناردىن فەيدا بولدى. ئۇنى يەپ، قۇدۇقنىڭ سۈيىدىن ئىچتىم. ئەلھال سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆردۇم، — دىدى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام:
— مىنى ئاغىلىرىم تاشلاپ كەتتى، — دىدى.
بوۋاي ئەيدى:

— سېنى ئاغىلىرىڭ تاشلاپ كەتمدى، ئاللا تائالانىڭ ھېكمىتى تاشلىدى. سېنى ماڭا كۆرسەتتى. مەقسۇدۇم ھاسىل بولدى. ئىنشا ئاللا يۈزۈڭنى كۆردۇم. بوۋاي جان بىھەقىقى تەسەللىم قىلدى. «قالۇئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن». شۇل زامان بىر ئادەم سۇ تارتقىلى قۇدۇققا چىلەك سالدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام چىلەككە بوۋاينىڭ ئۆلۈكىنى سېلىپ بەردى. ئۇل ئادەم ناھايىتى قىيىنلىق بىرلەن تارتىپ چىقاردى. كۆرسە بىر بوۋاينىڭ ئۆلۈكى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ ھەيران قالدى، مەھەللە ئادەملەرىغە مەئلۇم قىلدى. مەھەللە ئادەملەرى بوۋاينىڭ ئۆلۈكىنى يەرگە دەفنە قىلدى.

ھەزرەت يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇقتا يالغۇز قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ ئۇن ئالتىنچى فەسىلدە يازغان ئەبياتلەرى:

بارچە مەخلۇق خالىق ئۆزى ئۇل ئەكبەر،
مەخلۇق ئىچرە مېنى قىلدى ئۇل كەمتەر،
غافىل بولدۇم ھەق ياددىن مەن ئەكسەر،
ھىچ مەخلۇقتا مەندەك كىشى يوق ئەفتەر.

بابام مېنى بەسى قاتتىق سۆيدىلەر،
ئاغىلىرىم ئۇنى كۆرۈپ كۆيدىلەر،
مېنى ئالداپ بۇ قۇدۇققا سالدىلەر،
بولدى ماڭا مۇنداغ جافا مۇيەسسەر.

شۈكرى ئەيتايىن خۇدايىمنىڭ ئىشىغە،
نى ئىشلارنى سالۇر بەندە باشىغە،
ئىشەنمىدىم بابام كۆرگەن تۇشىغە،
بولدى ماڭا بۇ مىھنەتلەر مۇقەررەر.

ئاغلىرىم يامان يولغە باشلەدى،
باغلاپ مېنى بۇ قۇدۇققا تاشلەدى،
قۇدۇق مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى غەشلەدى،
قاراڭغۇ چاھ ماڭا بولدى مۇنەۋۋەر.

ئابدۇللا سەن يۈسۈف بىرلەن بىر يەردە،
ھېچكىم نالە ئىشىتمەيدۇر بۇ يەردە،
ئېيتۇرمۇسەن ئىشىتكەنگە بىر پەردە،
ئۆلفەت بولدى ماڭا يۈسۈف پەيغەمبەر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقىدا يالغۇز قېلىپ، يەنە ئاتىسىنى ئويلاپ، نېسىپەتلەرىغە قۇلاق سالمىغەنلەرى ئېسىغە تۈشۈپ ئولتۇردى.

ئۇشبۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىغە لايىق كەلتۈرۈپ، ئون يەتتىنچى فەسلدە شائىرنىڭ يازغان مۇخەممەسلەرى:

سۆزىگە كىرمىدىم يارەب ماڭا كۆرسەتتى يول توغرى،
نەچچە پەندى نېسھەت ئەيلەدى مەن قىلمىدىم سەبرى،
بالاغا مۇبتىلا بولدۇمكى يۈردۇم يولىدىن ئەگرى،

مېنىڭ ھەجرى فىراقىمدا كۆيەر دائىم ئۈنىڭ باغرى،
بىلمۇرمەن ھالىنى مۇندا ئاتام باغرى كاۋاپ ئولدى.

تىلەرمەن نالىسىدىن سەن راۋا كۆرمە زۇلالىنى،
قەددى يادەك ئېگىلىپ ھەم فەرشان ماھى سالىنى①،
ئۈمىدىم كۆپ ئېرۇر سەندىن يەنە كۆرسەت ۋىسالىمنى،
ماڭا بىر ـ بىر بايان قىلغان تۆشەر باشىمغە ھالىمنى،
مېنىڭ بىرلە ئاتامغە بىلمىدىم قانداق ئىتاب② ئولدى؟

مەنەم بىچارە بىكىسە قالدىم بۇ قۇدۇق ئىچرە،
ئاتام ئاندا مېنىڭ دەردىم بىلە قالدى ئالەم ئىچرە،
ئەزەلدە بۇ ئالامەت باركەن لەۋھى قەلەم③ ئىچرە،
ئۈنىڭ ئۈچۈن گىرىفتار ئەيلەدىڭ بىزلەرنى غەم ئىچرە،
داۋاسىز دەرد ئارا قالدىم يۈرەگىم كۆپ بىتاپ ئولدى.

قېرىنداندا بولۇپ شائىر بۇ ئابدۇللا يازار ئەمدى،
ئاجايىب قىسسەلەر باردۇر بۇ ھىكمەتتە يازار ئەمدى،
فىراقى ھەسرىتى يەئقۇب يۈسۈفكە ئىنتىزار ئەمدى،
يىزدىمەن خەلق ئالەمغە ئوقۇسۇن دەپ ھەزار ئەمدى،
بىلەلمەم ماڭا بۇ يولدىن ساۋاپدۇر يا ئازاپ ئولدى.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقـدا يالغـۇز قالدى. ئاغىلىرى ياندى. يەھۇدا:

ـــ ئاغىلار، سىزلەر قايتىڭلار. مەن بۇ يەردە قالاي.

① ماھى سالىنى ـــ ئاي دىدارىنى. ② ئىتاب ـــ بىشارەت. ③ لەۋھى قەلەم ـــ ئەزەلدە يېزىلغان تەقدىر.

مۇبادا يۇسۇف قۇدۇقتا ئۆلـگەن بولـسا، مەن ئارقاڭـلاردىن باراي. مۇبادا ئۆلمىگەن بولسا، بىر يولۇچى يۇسۇفنى رە- ھىم قىلىپ، قۇدۇقدىن چىقىرىپ قويسا، ئاتىمىزنىڭ ئالدىدە شەرمەندە بولۇرمىز، — دەپ ئاغىلىرىنى يـولغـە سالـماقچى بولدى. ئۆزى قۇدۇقدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغە تاپشۇرۇپ بەرمەكنى خىيال قىلىپ ئىدى. ئاغىلار ھەممەلەرى:

— خوب بولۇر، بىزلەر ماقايىلى! — دىـدى. يەھـۇدا قۇدۇق بېشىغا كەلـدى. بۇلار مەسلىھـەت بىرلە: — يەھۇدا نىمە سەبەبدىن بىزدىن ئايرىـلىپ قالدى؟ بىـزلەر بېرىـپ كۆرەيلى، — دەپ قايتىپ كەلسە، يەھۇدا سەلـلەسىنى قۇ- دۇققا سېلىپ:

— يۇسۇف، ھالىڭ نىچۈك؟ ئۇشبۇ دىستارنى تۇت. مەن سېنى چىقىرىپ ئالاي دەۋاتقان ئىدى. ئاغىلىرى:

— ئەي يەھۇدا، نىمە قىلىسەن؟ ئەگەر مۇنداغ قىلـ- ساڭ، بىزنى شەرمەندە قىلىسەن. بولمىسا بىزلەر يـۇسـۇفنى ئۆلتۈرۈرمىز، دەپ يەھۇداغە رەنج كۆلفەت يەتكۈزدى. يەھۇدا نائىلاج بولۇپ ئاغىلىرى بىرلە قايتىپ كەتتى.

ئەمدى فەسل سۆزنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن ئىـ- شىتمەك كېرەك:

ئول كۈنى ناماز دىگەر بولدى. ئوغلانلار كەلمىدى. ناماز شام بولـدى، كەلـمىدى. يەئقـۇب ئەلەيھىسسالامـنىڭ تەلمۈرۈب يولغە قاراپ قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ ئۇن سەككىزىنچى فەسلدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

كېچە بولۇپ شەمئى جاھانىم كەلمەدى،
كەلدى بۇلبۇل گۈلۈستانىم كەلمەدى،
يۈزى گۈل غۇنچە دىھانىم كەلمەدى،
خوش سۇخەن شىرىن زەبانىم كەلمەدى،
ئەقلى دانا نۈكتە دانىم كەلمەدى.

مېھرىبانىمدىن فەلەك قىلدى جۇدا،
بۇنى قۇدرەت زاھىر ئەتتىڭ ئەي خۇدا،
ئۆمۈر ئۆتەر ھەردەم قىلىپ ئاھۇۋا،
تىترەشۇر جانىم مېنىڭ بۇ تەن ئارا،
جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىم كەلمەدى.

مەن شامالنى كۆرمىدىم ساڭا راۋا،
سەن مېنىڭ قىلدىڭ يۈرەگىمنى يارا،
مېنى ئەرگەشتى ئەجايىب بۇ بالا،
تەندە دەرمانىم قۇرۇپ قالدى يانا،
ئاسرىغان تەن ئىچرە جانىم كەلمەدى.

سايرىدى بۇلبۇل ئەجەب گۈل باغىدا،
خوپ ياراشۇر سايرىسا گۈل ۋاقتىدا،
ھەركىشنى كۆرسەڭىز ھەر داغىدا،
مەن يۈرۈپمەن يۈسۈفۈم فىراقىدا،
سۆزلەشۇرگە رازى دانىم كەلمەدى.

يەئقۇب ئىبىتۇر بۇ نىچۈك سەۋدا ئىرۇر،
باشىمە بۇ يۈز تۈمەن غەۋغا ئىرۇر،

ئالەم ئىچرە يۇسۇفۇم ھەرنا ئېرۇر،
مەندەك ئەمدى قايسى جان رەسۋا ئېرۇر،
ماڭا سەرۋى بوستانىم كەلمەدى.

ئابدۇللاسەن يەئقۇبنىڭ ھالىنى بىلدىڭ،
ئىشق ئەھلىنىڭ بۇ سۆزدە كۆڭلىنى ئالدىڭ،
يەئقۇب بىرلە يۇسۇفنى نەزمغە ئالدىڭ،
①...................................
ئۆزگە سۆزلەرگە زەبانىم كەلمىدى.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يول باشغە چىقىپ ئولتۇردى. ئوغلانلەرى ئاتىسىنى كۆردى، يول باشغە چىقىپ ئولتۇرۇپدۇر. ئۇلار ئەمدى نىمە قىلۇر ـ مىز؟ دەپ ئاھۇ ـ ئەفغان تارتىپ: ئاھ قېرىنداشىم يۇسۇف، يۇسۇفۇمدىن جۇدا بولدۇق، يۇسۇفنى بۆرى يىدى، مانا بىزلەر كۆينەكىنى تېپىپ ئالدۇق دەپ قانلىق كۆينەكىنى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامغە بەردى. ئاتا كۆينەكىنى قولغە ئېلىپ، بىر ئاھ ئۇرۇپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. يەنە ھۇشىغە كېلىپ، كۆينەكنى قولغە ئېلىپ ئەيدىكى:

— ئەي ئوغلانلار! يۇسۇفنى بۆرى يىسە كۆينەكىنى پارە ـ پارە قىلۇر ئېردى. نىچۈك بىۆرى يۇسۇفكە رەھىم قىلماي، كۆينەككە رەھىم قىلىپ پارە ـ پارە قىلمىغان ـ دۇر؟ — دىدى.

ئاڭا ئوغلانلەرى:

— بۆرىگە گۆش دەركار، كۆينەك دەركار ئە ـ

① قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

مەس،ــ دىدى.
ئاندىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىر دوڭگە چىقىپ، تامامى كەنئانىنىڭ بۆرىلەرىنى خۇش ئاۋاز بىرلە قىچقاردى. كەنئانىنىڭ بۆرىلەرى ـ ئەركەك تىشىلارى يىغىلىپ جەمگى بولۇپ كېلىپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدە تائىزىم بىچا كەلتۈرۈپ تۇردى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سورىدىلەر:
ــ ئەي بۆرىلەر! خۇدايى تائالادىن قورقماي، يۇسۇف بالامنى نىمە دەپ يىدىڭلار؟ تاڭلا قىيامەت كۈنى نىمە دەپ جاۋاپ بېرۇرسىزلەر؟
بۆرىلەرغە ئاللا تائالا زۇۋان ئەتا قىلدى. بۆرىلەر:
ــ تامامى بۇ قەسەمگە قايىل شەرت ئىشلار. نىمە ھەددىمىز؟ پەيغەمبەر زادىنى يىمىگەيمىز. يۇسۇفنى يىسەك سىزگە نىمە دەپ جاۋاپ بېرۇرمىز؟ مەئازاللا يۇسۇفنى يىمىدۇق،ــ دەپ جاۋاپ بەردىلەر.
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللەرىغە قاردى. ئوغلانلەرى ئەيدىكى:
ــ يۇسۇفنى يىگەن بۆرى بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. ھازىرقى كەلگەن بۆرىلەر بىلمەيدىلەر. بىزلەر بېرىپ، يۇسۇفنى يىگەن بۆرىنى تۇتۇب كېلەيلى، ــ دىيىشتى ۋە سەھراغە راۋان بولدى.
ناگاھ بىر بۆرى بالىسىنى يوقىتىپ ئىزلەپ تاپالماي ھېرىپ كېلۇر ئېردى. ئاغىلەر بۇ بۆرىنى مىكرى ـ ھىلە بىلەن تۇتۇپ، ئاغىزىغە ئۇرۇپ، تىشىنى سۇندۇرۇپ قان قىلىپ، ئاتىسى ئالدىغە ئېلىپ كەلدى. ئاتىغا، مانا يۇسۇفنى يىگەن بۆرى، دەپ كۆرسەتتى.
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۆرىنىڭ ئالدىغە كېلىپ سالام

قىلدى. سورىدىكى:
— ئەي بۆرى! يۇسۇفنى ئىچۈك يېدىڭ؟
بۆرى ئاللا تائالاغا يىغلىدى. خۇدايىسى تائالا ئۇل بۆرىغە تىل ئاتا قىلدى. ئەيدىكى:
— ئەي يەئقۇب! بىزگە پەيغەمبەرنىڭ گۆشىنى يېمەك هارامدۇر. هەرقانچە هايۋان بولساق هەم پەيغەمبەرلەرنى بىلۇرمىز، — دىدى.
يەئقۇب ئەلەيهىسسالام سورىدىكى:
— نىمە ئۈچۈن ئاغزىڭ قان بولدى؟ ساڭا قايسى ئىنسان ئازار بەردى.
بۆرى ئەيدىكى:
— مەن مىسىر شەهرىنىڭ بۆرىسى ئىدىم. بىر بالام بار ئىردى. شۇنى ئىستەپ كېلىپ ئىدىم. هالا بۇلاردىن سورسام سىنىڭ بالاڭنى كەنئانىنىڭ پادىشاسى شىكارغە چىقىپ تۇتۇپ ئالدى، دىدى. مەن هەم بالامنىڭ فىراقىدە يۈرۈپ ئىدىم. سىزنىڭ ئوغۇللىرىڭىز مىنى تۇتۇپ ئېلىپ، ئاغزىمغە ئۇرۇپ تىشىمنى سۇندۇرۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دىدى.
يەئقۇب ئەلەيهىسسالام:
— يۇسۇفنى بىلۇرمۇسەن؟ — دىدى.
بۆرى:
— ئەلبەتتە بىلۇرمەن، ئېيتماسمەن. ئەگەر ئېيتسام غەمازلارنىڭ جۇملەسىدىن بولۇرمەن، — دەپ يەنە ئەرز قىلدىكى:
— ماڭا دۇئا قىلغىل! مىنىڭ بالام تېپىلسا، خۇداۋەندە كېرىم سىزنى هەم بالىڭىزغە يولۇقتۇرسا ئەجەپ ئېرمەس.

يەئقۇب ئەلەيھسسالام بۇرىگە دۇئا قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھسسالام يۇسۇف ئەلەيھسسالامنىڭ دەردىدە زار - زار يىغلىغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ ئون تـوققۇزىـنچى فەسىلـدە شائىرنىڭ يازغان ئەبياتلىرى:

ئەي يۇسۇف ئوغلۇم قانداق قىلارمەن،
ئايدەك يۈزۈڭنى قاچان كۆرەرمەن.
سەندىن ئۈمىدىم ھەرگىز ئۈزۈلمەس،
ئۈمىدنى ئۈزسەم ۋاللا ئۆلەرمەن.
يەرلەردە بولساڭ، كۆكلەردە بولساڭ..
ھەر يەردە بولساڭ ئىزلەپ بارۇرمەن.
تاغلاردە بولساڭ، باغلاردە بولساڭ،
دەريادە بولساڭ مەن ھەم تۈشەرمەن.
قايدا كېتەرسەن ئاتاڭنى تاشلاپ،
كۆزۈمنى ياشلاپ يىغلاپ كېتەرمەن.
ئابدۇللا يازغىل ئەھۋالى يەئقۇب،
سالغاي نەزەرنى مەھشەردە يەئقۇب.
تۇتقاي قولۇڭنى مەھشەردە يۇسۇف،
مەن ھەم ئۈمىدنى ئۈزمەي كېتەرمەن.

ئەلقىسسە: ئۇشبۇ سۆزنى كارۋانلاردىن ئىشىتىمەك كېرەك:

مىسىر شەھرىدە مالىك داغۇرى دىگەن بىر سودىگەر بار ئىردى، پۇلى ناھايىتى كۆپ مالدار ئىردى، شام شەرىف بىرلە كەنئانغە ھەم سودىغە كېلۇر ئىردى. ئۇ، كۈنلەردىن بىر كۈنى تۈش كۆردى، يەنە سودىغە بارماقچى

بولدى. تۆشدە، بىناگاھ مىسرى يولىدا بۇ قۇدۇققا ئاسمان-
دىكى ئاي ئېگىلىپ تۆشتى، جەمئى قۇدۇقنىڭ ئەتراپى
روشەن بولدى، يەنە ئول ئاي قۇدۇقتىن چىقىپ، مالىك
داغۇرنىڭ قولىغە تۆشتى. ئۇ بۇ تۆشنى كۆرۈپ چۆچۈپ
ئويغاندى. دەرھال قۇرئى سالغۇچىلارنىڭ ئالدىغە باردى،
تۆشنى بايان قىلدى. تەبىرچىلەر: كى تۆشۈڭنىڭ سەدىقەسى-
نى بەرگىل، — دىدى. مالىك داغۇرى ئالتۇننى تەبىرچ-
ىلەرنىڭ ئالدىدە قويدى.

تەبىرچى ئەيدى:

— مۇندىن كەنئانغە بارۇرسەن. يولدە بىر قۇدۇق
باردۇر. ئول قۇدۇقدە بىر قۇل باردۇر، ئول قۇلنى سېتىپ
ئالۇرسەن. ئول قۇلنىڭ قەدىمى مۇبارەك بولۇر، دۇنيا ۋە
ئاخىرەتلىك ئىشىڭ مەئمۇر بولۇر، تا قىيامەتغىچە ياخشى
نامىڭ قالۇر، — دىدى.

مالىك داغۇرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاد-خۇرام
بولۇپ، شام شەرىفىغە بارماقچى بولدى. ئۇ، ئەسباب-
جابدۇغىنى راستلاپ، كەنئانغە راۋانە بولدى، ئول قۇدۇققا
كېلىپ تۆشتى. ئاندا بىر كېچە ياتماقچى بولدى. يۈسۈف
ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇققا تاشلىغاندىن باشلاپ، ئاغىلىرى
كېلىپ يوقلاپ تۇرار ئېردى. مالىك داغۇرى بىر قۇلىنى
سۇ تارتىپ كەلگىل، دەپ بۇيرىدى. قۇلى كېلىپ چىلەكىنى
قۇدۇققا سالدى. شول سائەتدە خۇدايى تائالا جەبرائىلغە
فەرمان قىلدىكى: — بېرىپ يۈسۈفكە مېنىڭ ئەمرىمنى
يەتكۈزگىل، يۈسۈف ئۆزىنىڭ باھاسىنى بىلسۇن، — دىدى.

ھەزرەت جەبرائىل دەرھال كېلىپ يۈسۈف ئەلەي-

ھىسسالامغە ئەمرىنى يەتكۈزدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ تەۋۋە قىلدى. بىر كۈنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئەينەككە قاراپ: ئەگەر مەن قۇل بولۇپ سېتىلسام مېنىڭ باھايىمغە ھېچ كىشى يەتمەس، — دەپ ئىدى. بۇ قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ تەۋۋە قىلدى.

مالىك داغۇرنىڭ قۇلنى چىلەكنى قۇدۇققا سالدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام چىلەككە ئولتۇرۇپ ئارغامچىنى تۇتۇپ ئولتۇردى، بۇ قۇلنىڭ كۈچى يەتمىدى، يەنە بىر قۇل كېلىپ تارتتى، ئۇنىڭ ھەم كۈچى يەتمىدى، ئاندىن كېيىن مالىك داغۇرى ئۆزى كېلىپ تارتىپ چىقاردى. كۆردىكى: بىر نازىنىن يىگىت، يۈزلەرى ئافتاپدەك، چىلەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرادۇر. ئۆزگە كارۋانلار ھەم كېلىپ كۆرۈپ، ھەممەلەرى ئەجەپلىنىپ تۇرغاندا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغىلىرى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ، كارۋانلارغە ئەيدى:

— بۇ بىزنىڭ قۇلىمىز ئىدى، نەچچە زامان بولدى قېچىپ كەتكەن ئىدى، بىز ھەم بۇنى ئىستەپ يۈرەر ئىردۇك. سىزلەر تۇتۇپ ئېلىپسىزلەر، ئەمدى بۇ قۇلنى ئۆلتۈرمەسەك بولمايدۇر، — دەپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىغە ئارغامچە سېلىپ سۆرەدى. مالىك داغۇرى ئەيدى:

ئەي ئوغلانلار! بۇ قۇلنى ئۆلتۈرماڭلار، سىزلەرگە كېرەك بولمىسا، ماڭا سېتىپ بېرىڭلار!

ئاغىلىرى ئەيدى:

— بۇ قۇلنىڭ ئۈچ ئەيىبى بار. بىرىنچى: قاچقاق. ئىككىنچى: يالغانچى. ئۈچىنچى: ئوغرى. مانا شۇ ئەيىپلەرنى ئېغىر كۆرمىسىڭىز ساتارمىز، — دىدى.

مالىك داغۇرى:

— قانداق ئەيىبى بولسا ئالۇرمەن، — دىدى.
ئاغىلىرى ئەيدى:
— ئەي يۈسۈف! سەن ئۆزەڭ بىزدىن قۇتۇلاي دىسەڭ، مەن قۇل دىگىن!
مالىك داغۇرى:
— سەن قۇلمۇ ياكى قۇل ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام:
— ئارى مەن قۇلدۇرمەن، — دىدى.
مالىك داغۇرى ئەيدى:
— ئەمدى بۇ قۇلنىڭ باھاسىنى ئېيتىڭلار، ئالۇرمەن.
ئاغىلىرى:
— بىزلەرگە ھىچ نەرسە كىرەك ئەمەس. بىزگە ئون سەككىز داچەن بەرسىڭىز كىفايە قىلۇر، — دىدى.
مالىك داغۇرى: خوپ بولۇر دەپ، ئون سەككىز داچەن پۇلنى بەردى. يۈسۈفنىڭ ئاغىلىرىغا:
— خەت مۆھۈرى قىلىپ بىرىڭلار، — دىدى.
ئاغىلىرى خەت مۆھۈر قىلىپ بەردى، يەنە:
— بۇ قۇلنى مەھكەم باغلاڭ. قېچىپ كەتمىسۇن. بىزدىن ھەم قېچىپ كەتكەن. مۇبادا ساتمىاقچى بولسىڭىز يىراق يەرگە ئاپىرىپ سېتىڭ، — دىيىشتى. مالىك داغۇرى: خوپ بولۇر دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— ئەي مالىك! ھەرنە بولسا ماڭا ئىجازەت بىرىڭ، بۇلار بىرلەن خوشلىشىپ ئالاي!
مالىك داغۇرى خوپ بولۇر، دەپ ئىجازەت بەردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاغىلىرىنى قۇچقىرىپ خوشلاشقىنىغە

لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ يىگىرمىنچى بابىدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

مەن كېتەرمەن بۇ شەھەردىن ئاغىلىرىم ياخشى قال،
غېرىپ شەھرىگە كەتتىم مېھرىبانىم ياخشى قال،
قايسى تاغلاردە ياتارمەن شەھرىيارىم ياخشى قال،
زەھەر ئوغۇلار ئىچەرمەن دوست يارىم ياخشى قال،
غەمدىن ئۆزگە ماڭا يوقتۇر ئۆز دىيارىم ياخشى قال.

نى سەبەبدىن قىلدىڭىز مۇنداغ ئىشنى يەھۇدا،
بۇ خىيال ئاقىل ئەمەس ماڭا قىلدىڭ يەھۇدا،
ئانامدىن ئۆلۈم جۇدا قىلدى ئاتامدىن ھەم جۇدا،
مۇنداغ ئىشلارنى مۇناسىپ كۆردىلەر قادىر خۇدا،
مەن يامان كەتسەم شەھەردىن قېرىنداشىم ياخشى قال.

گەربابام سورسا مېنى ئېيتىڭىز يۇسۇف ئامان،
باشىمە كەلدى قىيامەت ياكى بۇ ئاخىر زامان،
قېرىغان چاغدا ئاتامنىڭ ھالىغە بولدى يامان،
قالدى مەندىن ئايرىلىپ ئىنى يەمەندەك مېھرىبان،
نارجان سىڭلىم مېنىڭ ھەم مېھرىبانىم ياخشى قال.

سۆزىڭىزگە كىرمىدىم ئەي ئاتا كۆردۈم جازا،
ئاسماندىن يەرگە تۈشتۈم ئەي ئاتا كۆردۈم جازا،
كۆپ دۇئالار ئەيلەڭىز ئەي ئاتا كۆردۈم جازا،
ئاخىرى كۆرمەك نېسىپ قىلغاي يەنە قادىر خۇدا،
كۆرمىدىم قالدى ئاتام، شەھرى ماكانىم ياخشى قال.

ھەززى ھالىمنى مېنىڭ ئەمدى ئاتامغە ئېيتمىڭىز،
شاد غەمدە ئۆرتەنىپ قالغان ئاتامغە ئېيتمىڭىز،
داغ فۇرقەت كۆيگىدە قالغان ئاتامغە ئېيتمىڭىز،
نارجان، ئىنىمنى يەمەن ھەم مېھرىبانغە ئېيتمىڭىز،
كېچە - كۈندۈز يىغلە يۈرگەن مېھرىبانىم ياخشى قال.

مەن ئانامنىڭ سۆزىگە كىرسەم بالا كۆرمەس ئىدىم،
دەشتى سەھرادا قېلىپ جەۋرى - جاپا كۆرمەس ئىدىم،
ئۆز ئاغىلىرىم قولىدا مۇبتىلا كۆرمەس ئىدىم،
نارجان، ئىنىمنى يەمەنلەردىن جۇدا بولماس ئىدىم،
قۇل بولۇپ كەتتى يىراق يەرلەرگە باشىم ياخشى قال.

يازدى ئابدۇللا يۈسۈفنىڭ ھالىنى ئىزلەپ مەدەد،
ھەزرەت يۈسۈف پەيغەمبەر قىسسەسىن قىلدى سەنەد،
گەر مۇسۇلمانلار ئارا ئەمدى ئوقۇلغاي تائەبەد،
ئوقۇغانلار، ئاڭلىغانلار رەھمەتى قىلغاي مەدەد،
يىغلابان ئېيتۇر ھېمىشە كۆلئۈزارىم ياخشى قال.

يۈسۈف يىگىرمىنچى فەسىلدە ئۇشبۇ سۆزلەر بىلە تۇرۇپ ئېردى. داغۇرى كىشى ئىبەردى. ئاغىلىرى مۇنداغ ئىشلارنى قىلغىنىغا پۇشايمان بولۇپ، ھېچ ئىلاج قىلالماي، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى مالىك داغۇرى قېشىغە ئېلىپ بېرىپ، قول - پۇتلىرىنى باغلاپ، بىر تىيۋەغە مىندۇرۇپ يولغە راۋان قىلدى. بۇ يولدا قەبرىستانلىق بار ئېردى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇشبۇ قەبرىستاندا ئېردى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قەبرىنى كۆردى. ئۇ تىيۋەدىن ئۆزىنى تاشلاپ

ئانىسىنىڭ قەبرىنى قۇچاغلاپ ئېيتقۇدۇركى:

— ئەي ئانا! سەندىن ئايرىلىپ بۇ كۈنلەرگە قالدىم، قۇل بولۇپ كارۋانغە سېتىلدىم، قول - پۇتلىرىمنى باغلىدى. مېنىڭ نازۇك تېنىمنى ئاغرىتتى. سەندىن ئايرىلىپ يېتىم بولغىنىم ئازمىدى؟ قېنى ئەمدى كۈچۈك يېتىپ مېنى بۇ غەمدىن ئازاد قىلغىل دەپ ئانىسىغە زار - زار يىغلادى. ئۇنىڭ نالە - پىغان قىلغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، يىگىرمە بىرىنچى فەسلىدە شائىرنىڭ يازغان ئەبيات مۇخەممەسلەرى:

ئانا قەبرەڭگە كەلدىممەن ساڭا ئەۋۋەل سالامىم بار،
كى زوھىنىڭ ئاڭلىغاي ئەمدى نەچچە دەردلىك كالامىم بار،
كۆزۈڭ ئاچىپ نەزەر سالغىل ئەجەپ ھالى مالامىم بار،
تۈگۈمەس يازۇ - قىشى ھەم كېچە - كۈندۈز داستانىم بار،
بۈگۈن ئەرز دىلىم ئېيتاي بەسى ئوتلۇق پىغانىم بار.

مېنى ھىكمەت خۇدا بىرلە جۇدا قىلدى ئۆلۈم سەندىن،
يەنە كۆرگىل نېسىپ بولسا جۇدا بولدى بابام سەندىن،
جۇدا بولدۇم يەنە ئېبنى يەمەن بىرلەن كى نارجاندىن،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە يوق ئۆزگە نىمەرسە غەمكى ئارماندىن،
نىتەي ئەمدى سېتىلدىم قۇل بولۇپ مۇنداغ نىشانىم بار.

مېنىڭدەك زارمۇكىن ھىچكىم ئالەمگە مۇبتىلا بولغان،
ئاتا - ئانىسىدىن سەككىز ياشار ئوغلان جۇدا بولغان،
فىراقىدە يۈرەك باغرى ئاتەشىنىڭ ئادا بولغان،
تېپىلغايمۇ كىشى ھىجراندە مەندەك مۇبتىلا بولغان،
جاھان خەلقى ئىشىتكۇدەك ئاجايىپ داستانىم بار.

قولۇم باغلىق دىلىم داغلىق يەنە بويۇنۇمدادۇر زەنجىر،
قوپۇپ ئەمدى ئانام قىلغىل مېنىڭ بۇ ئىشىمە تەدبىر،
باشىمغە تۈشتى بۇ مېھنەت خۇدادىن كەلدى بۇ تەقدىر
خۇدادىن بولمىسا كەلمەس ئىدى باشىمغە بۇ تەقدىر،
رەقىبلەر جەبرىدىن كۆردۈم ئەجەپ تىيرى جاھانىم بار.

ئاتادىن ئايرىلىپ يۇسۇف ئۆزىنى خاك ئېتىپ يىغلار،
ئانادىن ئايرىلىپ يۇسۇف ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلار،
كىمى رەھىم ئەيلەسە ئايدەك جامالىن پاك ئېتىپ يىغلار،
ھېمىشە ئەمدى يۇسۇف كۆزلەرىن نەمناك ئېتىپ يىغلار،
ھاياتدۇرمەن مېنىڭ دايىم كۆزۈم كۆرسە خۇمارىم بار.

دىدى يۇسۇفنىڭ ھالىنى ئابدۇللا غەزەل بۇنياد،
فەلەكتىن ھەم شىكايەت ئەيلەدىڭ سەداد ئەيلە بىداد
يۇسۇفنىڭ ھالىنى سۆزلەپ ئۆزۈڭنى ئەيلەدىڭ ناشاد،
ئەگەر كەلسە قولۇڭدىن بۇ مەجلىسنى قىلدىڭ ئاباد،
قولۇم بىرلەن يازاي ئەمدى مېنىڭ شائىر زبانىم بار.

ئەلقىسسە: يىگىرمە ئىككىنچى فەسىلدە بۇ سۆزدىن كېيىن مالىك داغۇرى تىيۇەسىگە قارىدى. كۆرسە يۇسۇف تىيۇەدە يوق. كارۋانلار ئەيدىلەركى: راست ئېيتقان ئىكەن. بۇ قۇل ئايىغىدا زەنجىرلەر بىرلە قېچىپدۇر، — دىدى. مالىك داغۇرى كارۋانلارغە: — ھەر تەرەفكە قاراڭلار، ھەر يەردە بولسا تېپىپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرىدى. شول زامان بىر قۇلى قەبرە تەرەفكە قارىسا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قەبرىنى قۇچاغلاپ ياتادۇر. بۇ قۇل:

— ئەي يۇسۇف، بۇ يەرگە نىمە كېلىپ ياتىسەن، — دەپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى بىر كاچات ئۇردى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىھۇش بولۇپ يىقىلدى، يەنە ھۇشىغا كېلىپ ئاسمانغە قاراپ خۇدايى تائالاغە نالە قىلىپ يىغلىدى. ئۇشبۇ ھالەتدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نالەسىغە كۆيۈپ، شائىرنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى مەجلىسدە يازغان مۇسەددەسلەرى:

ئەي خۇدايا سەندىن ئۆزگە ماڭا ھىچكىم يارمىدى،
بەندەڭ ئىچرە ئادەمى ھىچكىم مېنىڭدەك بارمىدى،
ھىچكىم مەندەك يېتىمى زارۇ ئىنتىزارمىدى،
تالىيى بولسا ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلۇرمىدى،
بەختى قاچقان بولمىسام بىر كاچ مېنى ئۇرارمىدى،
ئول ماڭا يەتىمەسمىدى، ئۇستىگە بۇ ھەم بارمىدى!

بىلمىدىم باشىمدە نى سىر بار ئىدى قىلدى يېتىم،
ئانامدىن يېتىم قىلىپ ئاتام ئىدىلەر دەۋلىتىم،
ھەم يەنە ئاندىن جۇدا بولدۇم يېتەشتى مېھنىتىم،
بولماس ئىردى ئول خۇدانىڭ دەرگاھىدە نىيىتىم،
بەختى قاچقان بولمىسام بىر كاچ مېنى ئۇرارمىدى،
ئول ماڭا يەتىمەسمىدى، ئۇستىگە بۇ ھەم بارمىدى!

بۇ ئاغىلىرىم ماڭا ئاشكارە دۇشمەن بولدىلەر،
لالە سەھراغە چىقارمىز دىدى ئالداپ ئالدىلەر،
يۈز تۆمەن مىكرى بىلە ئانامنى ئالداپ چىقدىلەر،
ئاقىبەت ئېلىپ چىقىپ قۇدۇققا تاشلاپ كەتتىلەر،

بەختى قاچقان بولمسام بىر كاج مېنى ئۇرارمىدى،
ئول ماگا يەتمەسمىدى، ئۇستىگە بۇ ھەم بارمىدى!

ئول قاراگغۇ چاھ ئىچىندە بىر بوۋاينىڭ ھەيبىتى.
يەنى ئۇستىغە كۆرۈندى بىر ئىلانىنىڭ ھەيبىتى،
كەتتى كاج رۇئي فەلەكدىن ئول قاراگغۇ ھەيبىتى،
بارچەدىن ئارتۇق ئېرۇر ئۇشبۇ جاھانىنىڭ ھەيبىتى،
بەختى قاچقان بولمسام بىر كاج مېنى ئۇرارمىدى،
ئول ماگا يەتمەسمىدى، ئۇستىگە بىر كاج بارمىدى!

قۇدۇقدىن ئېلىپ ئاقىبەت بىر كارۋانغە ساتتىلەر،
بۇ يامان يالغانچى ئوغرى ھەم قاچاردەپ ساتتىلەر،
قول پۇتۇمنى باغلىدى مەھكەم تۇتۇق دەپ ساتتىلەر،
مېنى زار قاخشىتىپ ئۆزلەرى يىغلاپ كەتتىلەر،
بەختى قاچقان بولمسام بىر كاج مېنى ئۇرارمىدى،
ئول ماگا يەتمەسمىدى ئۇستىگە بىر كاج بارمىدى!

مەن ئانامنىڭ قەبرىسىنى كۆرگىلى كەلگەن ئىدىم،
ئول سەبەبدىن تىيۋەنى تاشلاپ كېلىپ ياتقان ئىدىم،
بۇ بالالەر بار ئىكەن مۇنى مەن بىلمەس ئىدىم،
بۇ ماگا مۇنداغ تەئەددى تەقدىرى كەلمەس دىدىم،
بەختى قاچقان بولمسام بىر كاج مېنى ئۇرارمىدى،
بۇ ماگا يەتمەسمىدى، ئۇستىگە بىر كاج بارمىدى!

كۆرگىل ئەي ئابدۇللا سەن يۇسۇف ئەلەمگە ئۇچرىدى،
تۇش كۆرۈپ يۇسۇف يەنە غۇسسە ئەلەمگە ئۇچرىدى،

بىر پاراغەت كۆرمىدى ھەم دەردۇغەمگە ئۇچرىدى،
ھەم ئاتىسى كۆپ نىسبەت قىلدى غەمگە ئۇچرىدى،
بەختى قاچقان بولمىسام بىر كاچ مېنى ئۇرارمىدى،
بۇ ماڭا يەتمەسمىدى، ئۈستىگە بىر كاچ بارمىدى!

ئەلقىسسە: يىگىرمە ئۈچىنچى فەسىلدە بۇ مۇناجاتدىن كېيىن، خۇدايى تائالانىڭ قۇدرىتى بىرلە كۆن تۇتۇلۇپ، ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ، يامغۇرلار يېغىپ، بورانلار پەيدا بولۇپ، ئادەملەر بىر-بىرىنى كۆرمەس بولۇپ كەتتى. كارۋانلار بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ زار-زار يىغلاپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر خاتالىق ئۆتتى، دېيىشتى، مالىنىڭ داغىۇرى ھەر كىم قىلغان خاتالىقىغە تەۋبە قىلسۇن، دەپ ئەمىر قىلدى. بايىقى كارۋان: مەن بۇ قۇلنى بىر كاچات ئۇرۇپ ئېردىم، بۇ ئالامەت پەيدا بولدى، — دېدىلەر. كارۋانلار ئۇشبۇ قۇلنى باغلاپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغە ئېلىپ كېلىپ: بىزلەر ھەر قانچە خاتالىق قىلغان بولساق تەۋبە قىلدۇق، سىز ھەم ئەپۇ قىلىپ دۇئا قىلىڭ! — دېدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ دۇئا قىلدى. ھاۋا ئېچىلىپ ئەۋۋەلقىدەك جاھان روشەن بولۇپ، كارۋانلار شاد خۇررام بولدى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى بەندىدىن بوشۇتۇپ، ئالدىغا ياخشى تائاملار قويدى، ياخشى لىباسلارنى كەيدۇردى ھەم تۆگىلەرىغە مىندۇرۇپ يولغە راۋان بولدى. ئۇلار بۇ يوللاردا مۇشەقەتلەرنى تارتىپ يۈرەر ئېردى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكتىدىن ھېچ مېھنەت مۇشەققەت كۆرمەدى. بۇ يولدا بىر شەھەر بار ئېردى. ئۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى

كۆرۈپ، ھۇشىدىن كېتىشتى، بۇدپەرەستلەر بۇدلىرىدىن كېچىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامغا سۇشەرىق بولدى. ئۇشبۇ شەھەردىن چىقىپ، مىسىر شەھرىغە يۈرگىنىگە لايىق كەلتۈرۈپ يىگىرمە ئۈچىنچى فەسلدە شائىرنىڭ يازغان ئەبياتلەرى:

ھەر ئادەمى زاتىنىڭ ئۆزگە بولۇرمۇ مەيلى،
بىرنى قىلۇركى مۆمىن كافىر قىلۇركى سەيلى.
بىرنى قىلۇركى لەنەت بىرنى قىلۇركى رەھمەت،
مۆمىنگە دۇركى جەننەت كافىرغە نارى خەيلى.
ئالتۇن، كۈمۈش ياراتتى، ئادەمغە ئىشق سالدى،
ھەر يەرگە بارسا ئادەم باردۇر تازۇ كەيلى.
بىرنى ئۇزرا قىلدى، بىرنى قىلۇركى ۋامۇق،
بىرنى قىلۇركى مەجنۇن، بىرنى قىلۇركى لەيلى،
بىرنى قىلۇركى ئاشىق، بىرنى قىلۇركى مەشۇق،
بىرنى قىلۇركى زەلەيخا، يۈسۈفدۇركى مەيلى،
ئابدۇللا ھەم مۇرادىن تاپماسكى پات يېقىندا،
بولغاي مۇرادى ھاسىل جەننەتدە قىلسا سەيلى.
ئابدۇللا سەن يەتتۈبىنىڭ قايسى فەرزەندى بولدۇڭ،
يازغىل يۈسۈفنى دايىم قىلغىل قەلەمدە نەزمى.
مەجلىسنى قىلدى ئاباد خەلقى جاھاندا ھەم شاد،
ئابدۇللا يازدى ئەبيات يوقتۇر ئىلاجى مەيلى.

ئەلقىسسە: يىگىرمە تۆرتىنچى فەسل داستان شەۋقى گۈلۈستان مەجلىسىدە راۋيان ئەقبارۇ ناقىلان ئاسار ئانداغ رىۋايەت كەلتۈرۈبدۇرلاركى ھەلب شەھرىدە تومۇسە

ئاتلىق بىر پادشا بار ئىبردىلەر. ئۇنىڭ بىر يالغۇز قىزى بار ئىبردى، ئىسمى زىلەيخا ئىبردى، بىغايەت ساھىبجامال ئىبردى، مەگەر ھۆسنى جامالدا كۆيەك ھۆر پەرىدەك ئىبردى. بۇ قىزغە توققۇز ياشلارىدە ھەر شەھەرنىڭ پادىشالىرى لايىق كۆرۈپ، ئەلچىلەرنى ئىبەرۇر ئىبردى. ئاتا ـ ئانىسىغا ماقۇل كەلمەس ئىبردى. بىناگاھ بىر كىچە زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تۈشىدە كۆردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆرۈپ بىھۇش بولۇپ ئويغاندى. كاشكى يىقىن بولسا ئۇنى ئىزلەپ تاپسام دەپ خىيالىغە ئىشقى مۇھەببەتىنىڭ سەۋداسى تۈشتى. ئىبىدىن چىقارماي يۈرۈپ، ئارىدا ئىككى يىل ئۆتتى. زىلەيخا ئون بىر ياشقا يەتتى. ئۇ يەنە تۈشۈمدە ئۇشبۇ يىگىتنى كۆرسەم دەپ يۈرەر ئىبردى، ئىككىنچى مەرتىبە تۈشىغە كىرىپ، ئەۋۋەلقىدىن زىيادىرەك سۆزلەشتى، ھۆسنى جامالىنى كۆردى، ھەيبەتىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، باقتىكى يىنىدا ھىچ كىمەرسە يوق. زىلەيخا بىر ئاھ ئۇرۇپ، ئاشىق بىقارار بولۇپ، گاھى ئولتۇرۇپ، گاھى يىتىپ ۋە گاھى يۈرۈپ، يۈزلەرنى يىرتىپ، ساچىلەرنى يۇلۇپ، نالە ـ فىغان چىقاردى. ئاندىن كىيىن ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، جەمئى ئەقرەبالارنى قىچقىرىپ، زىلەيخانىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئەي زىلەيخا، نىمە بولدۇڭ؟ ساڭا نىمە ئەھۋال ھاسىل بولدى؟ ئەيغىل، — دىدى.

زىلەيخا ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ ھىچ جاۋاپ بەرمىدى. يارانلەرى زىلەيخا ئاغرىسىق بولۇبدۇر دەپ بىر مۇنچە موللىلارنى يىغىپ، ئۆز رەسمىدە دۇئايى خەيرى قىلدى، ھىچ شىفالىق تاپمىدى. ئاتىسى زىلەيخانى باغلاپ بىر

ئۈيگە سولاپ قويدى. بىناگاھ زىلەيخا تولا يىغلاپ ئارام بەرمىدى. زىلەيخانىڭ بۇ ئەھۋالى شەھەر خەلقىگە ئاشكارە بولدى. شەھەر خەلقى پادىشاغا: زىلەيخانى بىزگە بەرسۇنلەر، دىۋانە، جىننى بولسە ھەم بىزلەر ساقايتىپ ئالۇرمىز، دەپ ئەلچىلەر ئىبەرسە، ئاتا ـ ئانىسىغە ماقۇل كەلمەس ئىردى. شول ئارادا يەنە بىر يىل ئۆتتى. زىلەيخا ئۇن ئىككى ياشقا تامام تولدى. ئۈچىنچى مەرتىبە زىلەيخا يەنە تۈش كۆردى. تۈشىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ:

— ئەي جانان، يارۇ ۋاپادارىم كىم بولۇرسەن؟ مېنى مۇنداغ دىۋانە قىلدىڭ، ئوتلارغە سالدىڭ. ھەيران سەرگەردان قىلدىڭ. قايسى شەھەردە بولۇرسەن، ئەسلى زاتىڭ كىمدۇرسەن؟ سېنى بىلسەم ئىزلەپ يۈرۈپ ئۆلسەم رازى ئېردىم، — دىدى.

زىلەيخانىڭ تۈشىغە لايىق كەلتۈرۈپ شائىرنىڭ يازغان نەزمى:

ئىزلەپ سوراغىڭ تاپماي كېتەرمەن،
كېچە ۋە كۈندۈز پەريات ئېتەرمەن.
كۆرسەم جامالىڭ، ئاي يۈزدە خالىڭ،
لەبلەرىڭ شېكەر بىرلە ئېتارمەن.
گۈلدەك ياسنىپ كەلمەسمۇسەن دەپ،
يولۇڭدا دائىم مەن تەلمۈرۈپ مەن.
ئابدۇللا ئاشىق كۆردى يۈسۈفنى،
مەھشەر كۈنىدە قولنى تۇتارمەن.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاشكارە قىلىپ ئەيدىلەركى:

— ئەي زىلەيخا! تولا يىغلىما، ئۆزۈڭنى جاپاغە سالما. مېنى ئىزلىسەڭ مىسىر شەھرىدىن تاپارسەن. ئىككىمىز بىر يەردە بولۇرمىز، ئاخىرى مۇرادىمىزغە يېتەرمىز. مەن ئاخىرى مىسىرغە پادىشا بولۇرمەن، سېنىڭ يېنىڭغە بارۇرمەن، مېنى كۆرەرسەن، — دەپ غايىپ بولدى.

زىلەيخا بۇ تۈشىدىن ئويغاندى، باقتىكى مەشۇقى يېنىدا يوقتۇر. ئۇنىڭ ئىشقىدە ئەۋۋەلقىدىن نەچچە ھەسسە دىۋانە بولغانىغە يىگىرمە تۆرتىنچى فەسىلدە شائىرنىڭ يازغان مۇخەممەسلەرى:

كۆرۈڭ ھۆسنى جامالىنى مېنىڭ بىر جىلۋەدارىم بار،
نىھالى قامىتى جەۋلان يەنە بىر گۈلئۇزارىم بار،
ئۇنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ مېنىڭ چەشمە خۇمارىم بار،
ۋۇجۇدۇم باغىدا ئۆسكەن مېنىڭكى لالەزارىم بار،
ھەلب شاھى، شىبھت شاھى ئاتامدەك تاجدارىم بار.

بۇ دۆلەتدە ماڭا يەتمەس كىشى تەخت پەلەك ئىچرە،
مېنىڭ ۋەسفىمنى ئېيتۇرلەر پەلەك ئۈزرە مەلەك ئىچرە،
بولۇر گۈل رەڭمۇ ـ رەڭ تۈشسە مېنىڭ ساچىم خەشەك ئىچرە،
ماڭا باۋەر كىلەلمەيدۇر سىمادىن تا سەمەك ئىچرە،
تۈشۈمدە بىر پەرى كۆردۈم ئۇنى دەرمەنكى يارىم بار.

ئۇياتۇر ئاي، كۈن ئاپتاپ ئۇنىڭ بويىنى كۆرسە،
شېكەر لەبلەرگە جان ئالدى ئۇنىڭ شېرىن لەبىن كۆرسە،
باياباغ بولدى ئالۇدە ئۇنىڭ جادۇ كۆزىن كۆرسە،
جەمئىي ھۆر جەننەت رەشىك ئالۇر بىردەم يۈزىن كۆرسە،
كۆڭۈل ئىچرە مۇقام ئەتكەن ئاجايىب شەھرىيارىم بار.

يۈزىن كۆرگەن زامان باشىمغە سالدى تۈرفە سەۋدانى،
فىغان ئەيلەپ سالۇرمەن ئالەم ئىچرە تۈرفە غەۋغانى،
خىيالى ئىشقىدە كىم كۆردى مەندەك مەست رەسۋانى،
جامالىڭنىڭ تەمەننىاسى خاراپ ئەتتى زىلەيخانى،
تۇرارغە تاقىتىم يۇقتۇر نى سەبرى، نى قارارىم بار.

كېچىپمەن جان دىلدىن كۆرمۇگۈنچە ھۆسنى رەنانى،
تۈشۈمدە كۆرسىتىپ كەتتى ماڭا نازۇ تەمەننانى،
سېلىپدۇر ئاشىقىم باشىغە ئانداغ سەدقى سەۋدانى،
جۇنۇن زەنجىرىدە باغلاپ خالاس ئەتمەيدۇر رەسۋانى،
كۆرۈنۈپ يەلدەك ئۆتتى بىر ئاجايىپ شەھسۇۋارىم بار.

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدى مېنىڭ جانىم مۇسۇلمانلار،
يېتەر ئەمدى فەلەككە كېچە ـ كۈندۈز ئاھۇ ـ ئەفغانلار،
بى تەھقىق بىلمىدىم كىمدۇر ئىچىمدە قالدى ئارمانلار،
جۇنۇن دەردى بالا كەلدى تېپىلماس دارۇ ـ دەرمانلار،
سېنى ئەيسىپ ئەيلەمەكلار يىغلىسام تائىختىيارىم بار.

تۈشۈمدە كۆرۈنۈپ ئۆتتى بۇ دەردىمغە داۋا بارمۇ؟
تۇرۇپ ئالدىمدە بىرلەھزە كۆرەرگە ئاشنا بارمۇ؟

مۇھەببەت ئوتىنى سالدى كۆيەرگە مەرھابا بارمۇ؟
كۆرۈنۈپ ساقىنى سۇندى ئىچەرگە دىلرەبا بارمۇ؟
ئىچىپ مەست شارابىنى خوشاللىق گۈلئۈزارىم بار.

يېنىپ ئىشق ئوتىدا كۆيدى بىلىڭ جىسمىم زىلەيخانى،
فىراقى ئوتىدا قالماي كى زەررە كۆرمەيىن جانى،
بۇرادەرلەر داۋا ئەيلەڭ كى ئىشق ئوتىغە دەرمانى،
لەبىمغە جان يېقىن كەلدى تېنىمدە قالمىدى جانى،
جامالىنى كۆرەلمەي يولىدە جانىم بىرەرىم بار.

كى ئابدۇللا بىلۇرمۇسەن ئاجايىپ ئىشق رەفتارى،
تىكەنسىز گۈل ئاچىلمايدۇر يامان-ياخشىدىن ئارى،
زىلەيخانى كۆرۈڭ دوستلار يۇسۇفنىڭ ئول گىرىفتارى،
تۇشۇپ زەنجىر ئاياغىغە كېچە-كۈندۈز قىلۇر زارى،
تىلىم ئاغزىمدە بولسە سۆزلىمەككە ئىختىيارىم بار.

ئەلقىسسە: زىلەيخانى كۆرۈڭ! ھالى زەئىپ بولىدى. ھەر تۈرلى سۆزلەرنى ئېيتىدۇر، يېمەك-ئىچمەككە مەجالى ھەم قالمىدى. ئاخىر تەيموس پادىشاغە زىلەيخانىڭ مۇنداغ بولغىنىدىن خەبەر بېرىشتى. تەيموس شاھ قىزىنىڭ بۇ ئەھۋالغە قالغىنىغە ئەندىشە قىلىپ، قورئى سالغۇچىلارنى يىغىپ كېلىپ رەم سالدى. رەممال:

— پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ قىزىڭىز ئىشق دەردىغە گىرىفتار بولۇپدۇر. باشقا ۋاقىئە يوق. بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلسا بولۇر، — دېدى.

تەيموس شاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رەممالغە ئەيدى:

— ئەي رەممال! بۇ سۆزلەرنى ھېچكىمگە ئېيتمىغايسىز، جاھان خەلقى ئاڭلىمىسۇن!

رەممال، خوپ بولغاي دەپ خوشلۇشۇپ ياندىلەر.

زۇلەيخانىڭ يۇسۇفنىڭ ئىشقىدە قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ شائىرنىڭ يىگىرمە بەشىنچى مەجلىسدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

مېنىڭ ئەقلىمنى ئالدى زىل زىندىن،
كېلىپتۇرمۇ مەگەر ئارام باغىدىن،
ئېلىپ ھۇشۇمنى غايىپ بولدى كۆزىدىن،
ئۆرتەپ كەتتىمۇ كىن قافىنىڭ تاغىدىن،
كۆزۈم سۇرسەم ئىزىنىڭ تۇفراغىدىن.

ئۇچۇردۇم لاچىنىم ئۇچتى قولۇمدىن،
ئاداشتۇردى مېنىڭ ئىزلەر يولۇمدىن،
قېدىرماقتا بەتتەر ھالىم ئۆلۈمدىن،
يىراق قىلدى قاراسىنى كۆزۈمدىن،
قۇۋ - قۇۋ ئەيلەپ تۇتارمەنمۇ بېغىدىن.

قەددى سەرۋى يۈزى گۈلدۇر شېكەرلەب،
مۇھەببەتدىن ئۇرادۇر جانىمە تەب ①،
دەھانە غۇنچەدۇر سالدى ماڭا سەب ②
تاپارمەنمۇ يۈرۈپمەن ئاينى ئىزلەپ،
سالام بەرسەم ئاڭا كۆزۈم ياغىدىن.

① تەب - بەزگەك. ② سەب - سەپ سالدى، باقتى.

تۈشۈدە سايىسىنى ماڭا سالدى،
تاراپ زۇلفىنى بىر - بىر ئەقلىم ئالدى،
ئۇنىڭ مىژگان ئوقى كۆكسۈمنى ياردى،
كۆرەي دېسەم ئۇڭۇمدە قايدا قالدى،
كۆيەر جانىم ئۇنىڭ قىلغان سۆزىدىن.

بۇ ئىلكىمدىن كېتىپدۇر مېھرىبانىم،
رىزادۇرمەن يولىدە چىقسا جانىم،
ئاڭا يەتمەي ئەجەل بەرمەس ئامانىم،
كۆيەدۇر ئىشقىدە تېرىقچە جانىم،
چىقادۇر دۇت ئىشق تۇفراغىدىن.

مېنىڭ ئاھىم چىقار ھەردەم ھاۋاغە،
قىلىپمەن تۇرفە دەردى بىداۋاغە،
ئېيتەرمەن ھالىمە بادى ساباغە،
ئۇنى كۆرگىچە كىرەر بۇلبۇل ناۋاغە،
چىمەنلەر تۆكۈلۈر گۈل يافراغىدىن.

سابا يەتكۈر نىگارىمغە سالامىم،
يېتۈرگەيسەن يەنە ئاندا بايانىم،
بايان ئەيلەي يەنە ئۇشبۇكالامىم،
مۇيەسسەر بول ماڭا سەن مېھرىبانىم
سۆرەي يۈزۈمگە ئەمدى تۇفراغىدىن.

زىلەيخادۇر سورىسا مېنىڭ ئاتىم،
ھەلەب شاھزادىسىدۇر ئەسلى زاتىم،

ئۇنىڭ يولىدامەن، بولسا ھاياتىم،
جامالىڭغە ئۇچارغە يوق قاناتىم،
تاقالمايمەن ئاياغىم ئاسقاغىدىن.

مېنىڭ ئاغزىمدىكى سۆزلەر سۆزۈمسەن،
قارىغاندا يەنە كۆزلەر كۆزۈمسەن،
يەنە ئىككى جاھاندا يالغۇزۇمسەن،
كى سەن ماڭا ئىشەنچىم بىر قوزۇمسەن،
ئۆلەرمەن، كۆرەرمەن يولدا قىراغىن.

ئوقى ئابدۇللا ئاشىقلار كىتابىن،
كۆرەر ئاشىق جامالى ھۆسن يارىن،
يەنە بىر - بىرىگە بەرگەي خىتابىن،
ئالالماي دەفتەرى ئىشق ھىسابىن،
ئۈزۈپ قىسسام ئۇنىڭ گۈل يافراغىدىن.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزىدىن كېيىن تۇمۇس شاھ قىزىنى كۆرگىلى كەلدى. قىزىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى. قىزىنىڭ ئەھۋالى خاراپ بولۇپدۇر، ئۆلەر ھالەتكە يېتىپدۇر. تومۇس شاھ قىزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ھۇشى باشىدىن كەتتى. قىزىنىڭ باشىنى سىلاپ:

—ئەي جىگەر بەندىم، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاغىل! مېنى بۇ غەمدە قويماغىل. نىمە دەردىڭ بولسا ئەيغىل! ئەگەر ئىشق دەردى بولسا ھايا قىلماي ئەيغىل. ئىشقبازلىق مېنىڭ باشىمدىن تولا ئۆتكەن. ھەر نىچۈك دەردىڭ

بولسا ئەيغىل، مەن بىر ئىلاجى قىلاي، — دېدى.

زىلەيخا ئاتاسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خوش ۋەقىت بولۇپ، ياتقان ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆزى ئىشق سەۋداسىنى ئېيتىپ كەتكەنغە لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى:

ئاتا قىزىڭ كۆڭلى ھەيران بولۇپدۇر،
كۆزۈم ياشى ئاب راۋان بولۇپدۇر،
زىلەيخانى كۆرسەڭ مەجنۇن بولۇپدۇر،
بەلكى مېنىڭ قەددىم جۇنۇن بولۇپدۇر.

مېنىڭ ئاھىم ئەمدى يەتكەي فەلەككە،
فەلەك ئۆزرە تۆكەي غەۋغا مەلەككە.
ئەھۋالىمنى خاراپ قىلدى ئول يەككە،
ھۇشۇم كېتىپ ئەقلىم ھەيران بولۇپدۇر.

AltunOq

مېنىڭ ھالىم قايسى ئىنسان بىلەدۇر،
يۈرەكىمنى تىغ ھىجران تىلەدۇر،
كۆزۈم ياشى ئەمدى دەريا بولادۇر،
كىيگەن لىباس تەندە فالاز بولۇپدۇر.

ئىشىت ئاتا ئەرزى دىلىم ئېيتايىن،
رۇخسەت بەرسەڭ باشىم ئېلىپ كېتەيىن،
تۈشدە كۆرگەن نازىنىنغە يېتەيىن،
كۈندىن كۈنغە دەردىم ۋەيران بولۇپدۇر.

شۆھرەت تاپتى مېنىڭ سۆزلۈم ئۆلەيىن،
ئەمدى قايتىپ قاچان ئادەم بولايىن،
زاھىر قىلماي پاكى پىنھان بولايىن،
ئىشقىم ئوتى ھەردەم سەرسان بولۇپدۇر.

تۇش كۆرۈپمەن ئەمدى ئاتا بىلسەڭىز،
ئېيتاي سىزگە ئەگەر باۋەر قىلسەڭىز،
بۇ تۈشۈمدە كۆرۈندىلەر بىر ئېزىز،
ئەقلىم ئېلىپ مېنى مەجنۇن قىلىپدۇر.

سوراپ ئىدىم قىلدى مىسىر ئىشارەت
بارغىل دىدى بەردى ماڭا بىشارەت،
ئەگەر بارسام بەرگەيمۇسىز ئىجازەت،
ئاي جامالى ماڭا روشەن بولۇپدۇر.

ئاشىق ئوتى سالدى ماڭا غۇبارە،
ۋەيران قىلدى بۇ كۆڭلۈمنى سەدپارە،
تاپالمىدىم ئويلاپ ـ ئويلاپ ھىچ چارە،
ئايلانۇرغا ئەمدى قويۇن بولۇپدۇر.

ئاشىق ـ مەئشۇق بىر ـ بىرىگە ئىنتىزار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى قىلدى خارۇ ـ زار،
مۇنداغ جاۋاپ بەردى ماڭا بى كىبار،
يار بولمىسا ئەجەپ دەۋران بولۇپدۇر.

ئابدۇللا سەن زىلەيخانىڭ تۇشىنى،
كۈندىن - كۈنگە يازارسەنمۇ شەۋقىنى،
يۇسۇف سىرى تۇشكەن ئىبنىڭ زەۋقىنى،
كۆرەر بولساڭ قايناپ تاشقان بولۇپدۇر.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن رىۋايەتلەردە ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلەركى، زىلەيخا نەچچە يىل دىۋانە بولدىلەر. زىلەيخانىڭ بۇ ئەھۋالغە قالغىنى ھەممە ئالەمگە مەشھۇر بولدى. پادىشازادىلەر ئەلچى ئىبەردۇركى، ھەر نىچۇك ئاغرىق بولسا ھەم زىلەيخانى بىزگە بەرسۇن، بىز ئالۇرمىز دەپ. ئاخىرى ئاتاسى تومۇس شاھ ھىچ ئىلاج قىلالماي، بىر مۇنچە خوتۇنلارنى قىچقىرىپ: سىزلەر كىرىپ قىزىمغە ئېيتىڭلار. پادىشازادىلەرنىڭ بىرىنى خالىسۇن. ئانداغ تويتاماشا قىلىپ بېرەي، — دىدى. خوتۇنلار زىلەيخاغە ئاتىسىنىڭ سۆزىنى بىر - بىر بايان قىلدى.

زىلەيخا:

—بۇ كەلگەن ئەلچىلەر قايسى شەھەردىن كەلدى؟ مىسىر شەھرىدىن ئەلچىلەر بارمۇ؟—دىدى.

خوتۇنلار ئەيدى!

—باشقا شەھەرلەردىن كەلدى، مىسىر شەھرىدىن يوق.

زىلەيخا باشىنى تۆۋەن سىلىپ دەم ئۇرمىدى، ئەۋۋەلقىدىن زىيادە مەجنۇن بولدى. ئاندىن كېيىن تومۇس شاھ ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپ، خوتۇنلارنى يەنە زىلەيخانىڭ يېنىغا كىرگۈزدى.

ئېيتىڭلار، زىلەيخا مۇرادىنى بايان قىلسۇن. ئۇنىڭ

مۇرادىنى ھاسىل قىلماق كېرەك!

خوتۇنلار كىرىپ زىلەيخانىڭ مەقسىدىنى سورىدى. زىلەيخا ئاتىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاپ قايتۇرغىنىغا لايىق كەلـ تۈرۈپ، شائىرنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى مەرتىبە مەجلىسىدە يازغان ئەبياتلەرى:

ئەيتاي سۆزۈم ساڭا ئاتا نە بولغان،
بۇ سۆزۈمدە خاتا يوقتۇر ھەم يالغان،
تۈشۈمدە بىر پەرىزاتىم ئۇچراغان،
ئۈچ مەرتىبە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالغان.

جانىم ئاتا سەن ئېرۇرسەن سىرداشىم،
كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ ئېردىڭ مۇڭداشىم،
ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنماي ئاقار كۆز ياشىم،
مىژگان ئوقى ماڭا قانداق قادالغان.

ھەر كۆرگەندە ھالىم باشقا بولادۇر،
زىلەيخانىڭ ئەقلى ـ ھۇشىن ئالادۇر،
ھۇشىن ئېلىپ كۆزدىن غايىب بۇلادۇر،
ئۇنىڭ ئۈچۈن داغى ماڭا قادالغان.

ئاخىرىدا تىنماي ئاتىن سورادىم،
كىم بولۇرسەن، كىمىنىڭ زاتى سەن؟ دېدىم،
ئۈچ مەرتىبە كۆردۈم سېنى بىلمەدىم،
راست سۆزلەگىل قوشۇلمىسۇن ھەم يالغان.

دېدى: ئاتىم يۈسۈپ مىسىر ئېزىزى،
مېنى تاپار كىشىنىڭ بولسا لەززىزى،
ئەي زىلەيخا سەن ئېرۇرسەن تىمىزى①،
ئەزەل كۈندە مۇنداق نامە يېزىلغان.

ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم مىسىر تىلەيدۇر،
مېنىڭ پىكرىم قايسى ئادەم قىلادۇر،
ئىشق دەردى تۈشتى قاتتىق بالادۇر،
جانۇ - دىلىم ھەممىسىنى ئول ئالغان.

ئابدۇللا سەن نەزم قىلدىڭ فاراسەت،
ئاڭلىغۇچى يارانلارغە ھىكايەت،
ئەل ئىچىندە ئۆزلۈك نادان بىغايەت،
ھەم قەدرىڭ يوق غېرىپ بولۇپ يوقالغان.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزنى خوتۇنلار تومۇس شاھغە بىر-بىر بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن، تومۇس شاھ خوش ۋەقت بولۇپ، كۆرۈنۈش خانەغە كىرىپ مەسلىھەت قىلدى. ئول ۋاقىتدە مىسىر شەھرىنىڭ رىيان ئاتلىق پادشاسى بار ئېردىلەر، تومۇس شاھغە باج - خىراجەت بېرۇرئېردى، تومۇس شاھدىن قورقار ئېردى. تومۇس شاھ رىيان مۈلۈككە نامە يېزىپ:
ئەي رىيان مۈلۈك، مېنىڭ ئىبەرگەن نامەمنى ئوقۇپ ئاڭلاڭ، مېنىڭ زىلەيخا ئاتلىق بىر قىزىم باردۇر. ھەر

① تىمىزى—گۈزەل.

شەھەرنىڭ پادىشازادىلىرى ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن كۆڭلىمىز سىزنى خالايدۇ» دېدى.

بۇ نامەنى ئەلچىلەر ئېلىپ بېرىپ رىيان مۇلۇكنىڭ ئالدىغا قويدى. رىيان مۇلۇك نامىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەلەب شەھرىگە قاراپ ئۈچ مەرتىبە سالام بەجا كەلتۈردى. رىيان مۇلۇك خوشال-لىقىدىن، كەلگەن ئەلچىلەرگە كۆپ ئىززەت - ھۆرمەتلەر قىلىپ، قانچە جاۋاھىرلەرنى باشىدىن ئۆرۈپ، ئۇلارغا سەدىقىلەر بەردى. ئاندىن كېيىن رىيان مۇلۇك دەرھال توي ئەسبابلىرىنى تەييارلاپ، ھەلەب شەھرىگە ئەلچىلەر بىرلە ئەۋەردى. ئاخىرى، ئەلچىلەر يېتىپ كەلدى دەپ ھەلەب شاھقا خەبەر يەتتى. تۇمۇس شاھ خوش ۋەقت بولۇپ، ئالدىغا نەچچە قىزلارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى.

زىلەيخا بۇلارنىڭ كەلگىنىگە خوش ۋەقت بولۇپ، تۈشۈمدە كۆرگەن يىگىتكە بارۇرمەن، دەپ ئويلاپ يۈرەر ئېردى. ئاتىسى تۇمۇس شاھ نەچچە كۈنلەر توي - تاماشا-لارنى قىلىپ، زىلەيخانى ئۇزاتتى. مىسىرنىڭ يېنىغا يەتكەندە، رىيان مۇلۇككە خەبەر بېرىشتى. رىيان مۇلۇك شەھەرگە چېدىرلارنى تىكىپ، خوش ئاۋاز نەغمىچىلەرنى جەمئى قىلىپ، ئەر - خوتۇنلارنى، يىگىت - قىزلارنى، نەغمە - ناۋالار بىرلەن زىلەيخانىڭ ئالدىغا چىقاردى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن رىيان زىلەيخانى كۆرمەكنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ بۇ كۈن خوتۇنلارنى قىچقىرىپ، زىلەيخاغە خەبەر بېرىڭلار، مەن زىلەيخانىڭ يېنىغا كىرۇرمەن،-

دەپ مەئلۇم قىلدى.

زىلەيخا ھەم: — خوپ بولۇر، مەن ھەم مىسىرى ئىززىنى كۆرەي، — دېدى ۋە ھوجىرلىرىغا كىرىپ ئولتۇردى. رىيان مۇلۇك شاھانە كىيىملىرىنى كىيىپ ھوجىرىغا كىرىپ كەلدى. زىلەيخا كۆردىكى: تۇشىدە كۆرگەن يىگىت ئەمەس دۇر. زىلەيخا ھوشىدىن كېتىپ، يىقىلدى. خوتۇنلار زىلەيخانىڭ مەئشۇقى ئۇشبۇ ئىكەن، كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى، دەپ ئويلىدىلەر.

زىلەيخا يەنە ھوشىغا كېلىپ:

— بۇ كىشى كىم بولۇر، — دېدىلەر.

خوتۇنلار:

— بۇ سىزنىڭ ئاشىق بولغان مەئشۇقىڭىز، — دېدى.

زىلەيخا يەنە ئاھ ئۇرۇپ ئەفسۇسلار قىلىپ، پۇشايمان بولۇپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماققە يېقىن بولدى.

زىلەيخاغە خوتۇنلار:

— ئەي بالام! سەبرى قىلىڭ. سىزنىڭ ئالامىتىڭىز خەلققە ئاشكارا بولمىسۇن. بۇ ئەمەلەردىن ھەم قۇتۇلۇپ، شاد - خورام بولۇرسىز، — دېدىلەر.

زىلەيخا ئۆزىنىڭ تۇشىدە كۆرگەن يىگىتكە يېتەلمەي، غەيرى كىشىنىڭ قولىغە تۇشكەنىغە، نالە ۋە زارە قىلغانىغە لايىق كەلتۈرۈپ، يىگىرمە سەككىزىنچى مەجلىسدە شائىرنىڭ يازغان مۇخەممەسلەرى:

يارا تقان جۇملە ئالەمنى پانا ئىزلەپ ئۆزۈم تۇتدۇم،
سېنى ھافىز ئەيلىگۈچى دەپ كامالىڭغە كۆزۈم تۇتدۇم،

قويۇپ دەرگايىڭغە باشىم سىرىغ ئەيلەپ ئۆزۈم تۇتدۇم،
يەنە ئافەت بالادىن ساقلاغىل دەپ يالغۇزۇم تۇتدۇم،
قولۇمغە كەلسە يارىم دەپ يەنە سەندىن ئۈمىد تۇتدۇم.

مۇرادىم مەقسەدىم بەرگىل ئىرۇرمەن بۇلبۇلى شەيدا،
قونۇپ گۈل شاخىغە ھەردەم چىقارسام شورىشىن غەۋغا،
خۇدايا دەرگاھىڭدا گۈل بىلەن بۇلبۇل قىلۇر سەۋدا،
تىلەرمەن قىلماغىل يارەپ مېنى زاغ ئىلەرەسۋا،
ئىشىكىڭدە تۇلا يىغلاپ ساڭا ئەمدى ئۆزۈم تۇتدۇم.

فەلەك شاد ئەتمەدى بىردەم چىكەرمەن دەمبەدەم يۈز غەم،
بۇ مېھنەت خانەغە كەلدىم قۇتۇلدۇرغىل مېنى بۇ دەم،
قۇتۇلمايدۇر كۆڭۈل بىر كۈن ماڭا تۈشتى يەنە ماتەم،
قېنى ئىبراھىم ئەدھەم مەگەر تەرك ئەيلەسەم بۇدەم،
كۆزۈمدىن قان تامار ياشىم كېچە ـ كۈندۈز كۆزۈم تۇتدۇم.

غەمى ھىجران ئارا بولدى نەتەي بەختىم قارا بولدى،
يۈسۈفنىڭ تىيرى ئىشقىدا يۈرەگىم كۆپ يارا بولدى،
نەچچە يىلدۇر بۇ ھەسرەتدە بىلىڭكىم ماجرا بولدى،
زىلەيخا زار ـ زار يىغلاپ يۈرەك باغرىم ئادا بولدى،
مەگەر نەھانە قىسمىنادا بەيتۇللاغە يۈلدۈزۈم تۇتدۇم.

نىھان ئەيلەي بۇ دەردىمنى داۋا ئەيلە ئۆزۈڭ يارەب،
چىكەي مېھنەت بالاسىنى قازادىن ئاسراغىل يارەب،
يۈسۈفنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈم سازادىن ساقلىغىل يارەب،

باشىم بىرلەن ئاياغىدىن چىقاردىم ئاگىلىغىل يارەب،
زىلەيخامەن، يۇسۇف ئىزلەپ بالالەرغە ئۆزۈم تۇتدۇم.

قىلىپ يۇسۇفكە جانانە كۆرەلمەي بولدى دىۋانە،
گۇلۇستانلار ئارا كىرسەم قىلۇر زاغ ئىلە ھەمخانە،
تىرىشىپمدە كۆرۈنۇپ ئۆتتى ئوگۇمدە قىلدى بىگانە،
قولۇمدىن كەلمىدى ئىزلەپ تافارغە بولدى پەرۋانە،
يۇسۇفنى مەن تافارمەن دەپ يولىغە قۇندۇزۇم تۇتدۇم.

غېرىب ئابدۇللا يازدىگىسەن زىلەيخانىڭ مۇناجاتىن،
كىتابلاردا كۆرۈپ ئېردىڭ بۇلارنىڭ كۆپ ھىكاياتىن،
خۇدا قۇرئاندا يادقىلدى قىسسەسىن① ئەمسالى ئايەتىن،
خۇدا دەپ يىغلىسا ھەركىم قىلۇر مەقسۇدى ھاجەتىن،
تەلەپ بىرلە كېچە ـ كۈندۈز قولۇمغە مەن قەلەم تۇتدۇم.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن خۇدايى تائالا زىلەيخا-
نىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، بىر پەرىنى پەيدا قىلدى.
ئول پەرى زىلەيخانىڭ سۆرىتىدە بولۇپ، رىيان مۇلۇك
بىرلەن جامائە قىلۇر ئېردى. گوياكى رىيان مۇلۇك بۇ
پەرىنى زىلەيخا ئۆزى دەپ ئويلار ئېردى. نىمە سەبەبدىن
پەيغەمبەر زادىلەرنىڭ خوتۇنى غەيرى كىشىگە راۋا بولماي-
دۇر؟ ھىكايەت ئىشىتمەك كېرەك:

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى بۇۋى مەريەم تۇغدى، خۇدايى
تائالا جىبرئىلغە فەرمان قىلدى. جىبرئىل كېلىپ بۇۋى
مەريەمغە دەم نەفەس ئۇردى، ئۇ يەنە ئەۋۋەلقىدەك بولدى.

① قۇرئاندا يۇسۇف ـ زىلەيخا ھەققىدە يېزىلغان ئايەت.

بۇۋى مەريەم قىز كىلىپ قىز بويىچە دۇنىيادىن ئۆتتى. رەسۇل ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى بىۋۋى مەريەمنى ئۆز نىكاھىغە ئالادۇر دىگەن رىۋايەت باردۇر.

خۇدايى تائالا زىلەيخانى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى.

ئەمدى سۆزنى يۇسۇفدىن ئىشىتمەك كىرەك:

مالىك داغۇرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىر شەھرىگە ئىلىپ كىرگەندە، خالايىقلار كۆرۈپ، ئۇنىڭ جامالىغا تەھسىن ئەيلەپ، ئۆمرىمىزدە مۇنداغ چىرايلىق زىبا يىگىت كۆرگىنىمىز يوق دىيىشىپ غۇلغۇلە قىلىشتى. مىسىر شاھى بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ مالىك داغۇرىغا قۇلنى بازارغا ئىلىپ كىرسۇن دەپ لەشكەر ئىۋەتتى. مالىك داغۇرى يۇسۇفنى يۇيۇندۇرۇپ، ئىسىل لىباس كەيدۈرۈپ قۇل بازىرىغا ئىلىپ كىردى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يۇسۇفنىڭ جامالى تىخمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ، خالايىقلار ئۇنىڭ يىنىغا توپلۇنۇپ خىزمەتلىرىدە بولدى. مالىك داغۇرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

— ئەسلى زاتىڭ كىمدۇر؟ ئەيغىل، ئەگەردە ئازاد كىشى بولساڭ مەن ھەم سىنى ئازات قىلاي، بىرنەچچە مال - زەررىلەرنى بىرەي؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— مەن قۇلدۇرمەن، سىتىلغاندىن كىيىن ئىيتاي، ئەگەر ساتمىساڭ ھەرگىز ئىيتماسمەن!

شول ئارادا قۇل بازىرىنىڭ دەلاللىرى كەلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تەئرىف قىلىپ، كىمنىڭ پۇلى، مالى يىتەر بولسا بۇ قۇلنى ئالسۇن دەپ قىچقىرىشتى. ئۇلار:

— ئەي خالايىقلار، ئاگاھ بولۇڭلار! بۇ ئانداغ قۇل تۇرۇركىم، ھۆسىن جامالىدا پاكىز، ئۆزى ۋاپادار، ئالغان پۇلۇڭلار زايا كەتمەس! — دەپ نىدا قىلىشتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسفىنى دەللاللار ئېيتالمىدى. شول ئەسنادا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بازار مەيدانىدىكى تەخت ئۈستىدە جەۋلان قىلىپ ئولتۇرغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ شائىرنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى:

ئەي مىسىرى ئەھلى سۆزنى ئاڭلاڭلار،
پەيغەمبەر زاتىنى قۇل دەپ ئېلىڭلار.
كۆيمەس بۇ قۇلغە بەرگەن مىلىڭلار،
ئېلىپ كۆرۈڭلار يەتسە پۇلۇڭلار.

ئۆلۈم بىرلە ئاناسىدىن ئايرىلغان،
يەنە تىرىك ئاتاسىدىن ئايرىلغان،
قەددى ئۆسمەي قاناتىدىن قايرىلغان،
يولدا قالغان مۇڭلۇق قۇل دەپ ئېلىڭلار.

بىر ئوق ئېردى يىراق يەرگە ئېتىلدى،
ھەم قۇل بولۇپ ئەلدىن - ئەلگە سېتىلدى،
ياخشى - يامان ئەل سۆزىگە قېتىلدى،
مۇنداغ دەرتكە داۋا قۇل دەپ ئېلىڭلار.

نازۇك تېنى مېھنەت بىلە يانچىلغان،
غېرىپلىقنىڭ تىكەنلىرى سانچىلغان،
ئاتاسىدىن ئايرىلۇرنى بىلمەگەن،
ھەسرەت كۆنى كەلگەن قۇل دەپ ئېلىڭلار.

دەردى تولا يوقتۇر ئۇنىڭ داۋاسى،
هال ئېيتۇرغە قېنى ئۇنىڭ سىرداشى،
جافالارغە يوقتۇر ئۇنىڭ يولداشى،
ئۇشبۇ هالغا يەتكەن قۇل دەپ ئېلىڭلار.

ئاتاسىدىن ئايرىلغانىنىڭ فىراقى،
ئاتلار ئورۇق ئېرمىش، يوللار يىراقى،
قۇتۇلماققا يوقتور ئۇنىڭ ياراقى،
يۈسۈف ئاتلىق زىبا قۇل دەپ ئېلىڭلار.

ئابدۇللا سەن باھاسىنى بىلمىدىڭ،
لايىقىدە تەئرىفىنى قىلمىدىڭ،
بۇ مەجلىسدە زىلەيخانى كۆرمىدىڭ،
زىلەيخاغە لايىق قۇل دەپ ئېلىڭلار.

ئوتتۇزىنچى فەسلى داستان، شەۋقى گۈلۈستان مەجـ
لىسىندە سۆزنى مالىك رىيانىدىن ئىشىتمەك كېرەك:
ئەلقىسسە: مالىك رىيان زىلەيخاغە مەسلىھەت قىلىپ
ئەيدىكى:

ــ ئەي زىلەيخا! مالىك داغىۇرى قۇلنى بازار مەيـ
دانىغە ئېلىپ كىردى، بۇ قۇلنىڭ تەئرىفىنى دەلاللار
كۆپ مەدھىيە قىلىپ شەھەر خەلقىغە مەئلۇم قىلىپ تۇراـ
دۇر، باھاسىنى بىلمىدۇق. بىزلەر بېرىپ كۆرۈپ باھاسىغا
يەتسەك ئالۇرمىز، مەگەر يېتەلمىسەك قايتىپ كېلەرمىز، ـ دىدى.
زىلەيخا، خوپ بولور، مەن هەم بېرىپ ئۇشبۇ قۇلنى

كۆرەي. ماڭا مۇناسىپ كەلسە ئالۇرمىز دەپ زىبۇ ـ زىننەت
ئارايىش كىيىملىرىنى كىيىپ، تـوزدەك ياسىنىپ مەيگە
ئولتۇرۇپ بازار مەيدانىغە كەلدى. كېلىپ كۆرسە گەۋۋەلقى
ئۈچ مەرتىبە تۆشىگە كىرگەن ئۈشبۇ يىگىت تۇرۇر. مۇنى
كۆرۈپ زىلەيخا ھۇشىدىن كەتتى، يەنە ھۇشىغە كېلىپ
ئىبىتار سۆزىنى بىلمەي قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، زىلەيخانىڭ
ھەققىدە شائىرنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى مەجلىسدىن چىقىپ،
ئوتتۇزىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى:

ھەر زامان يۈرۈپ ئىزلەپ، ھىجران سۆزىنى سۆزلەپ،
ھەم بوتا بولۇپ بوزلاپ يارىم بۇ زامان كەلدى.

بىلىنى يولىدا باغلاپ ئىشقىدە يۈرەك داغلاپ،
ئاشكارە نىھان يىغلاپ يارىم دىسە جان كەلدى.

جانىمدە پاراغەت يوق سەنسىز ماڭا تاقەت يوق،
ئارتۇقچە سائادەت يوق، چۈن روھى راۋان كەلدى.

دەردىمەنى دەرماندۇر جانىم ساڭا قۇرباندۇر،
ئەقلىم ساڭا ھەيراندۇر چۈن باغى جاھان كەلدى.

ئىشقىدە ئۇنىڭ زارىم كۆيىدە گىرىفتارىم،
ئۆلگۈنچە خىبرىدارىم چۈن نۇرى ئايان كەلدى.

سەرۋى قەددى جانانى كۆيدۈردى زىلەيخانى،
مىسىر شەھرى مىھمانى دەۋلىتى جاھان كەلدى.

ئەي جانىم ئارا دوستۇم تەن ئۆزرە سىيا پوستۇم،
غەم مۇلكىدە مەن ئۈستۈم فەريادى فىغان كەلدى.

تۈشۈمدە سىنى كۆردۈم ئۈچرىسا دىدىم يۈردۈم،
بۇ يەرگە كېلىپ كۆردۈم بۇ نامە نىشان كەلدى.

ئابدۇللا قىلىپ ئەبيات يۈسۈپ - زىلەيخانى،
كۆردۈڭمۇ كىتاپلاردە تەقدىرى بايان كەلدى.

ئەلقىسسە: زىلەيخا بۇ ئەبياتنى ئوقۇپ، بازار مەيدانىدىن ئارقىسىغە ياندى. كېيىن مالىك داغۇرى كۆردىلەركىم، خەلقى - جاھان تولا بىئارام بولۇبدۇر. ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە نىقابىنى كەيدۈرۈپ قويدى. خەلقى - جاھان ئارامىغە تۈشۈپ، ھۇشىغە كېلىپ، ھەر بىرى ئۆز مەيلىچە باھا قويدىلەر. شول ئارادا بىر كەمپىر بار ئېردى، پاختا يىپ ئىگىرىپ ئوقەت قىلۇر ئېردى. ئۇ، مالىك داغۇرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەيدىلەركى: مېنىڭ يەتتە ئوخچا ژىپىم بار، بەرسەڭ ئۇشبۇ قۇلۇڭنى مەن ئالۇرمەن، — دىدى. خالايىق:
— ئەي موماي، ئەخمەق بولدۇڭمۇ؟ بۇ ئانداغ يىگىتدۇركى ھىچ كىشى باھاسىغە يېتەلمەي تۇرسا، نى ئۈچۈن يەتتە ئوخچا پاختا ژىپىغە بېرەمسەن دەيسەن؟ — دەپ غولغۇلا قىلدى.
موماي:
— ئەي ئېقىلسىزلار، مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەيسىلەر، خىيالىم بۇ ئېردىكى، ئۇشبۇ سۆزۈم كىتاپلارغە يېزىلسا،

ھەر زامان ئوقۇلسا، مېنىڭ بۇ ھىكمەتلىك سۆزلۈم ھەركىمگە ئاڭلانسا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنىتۇلمىسام دەپ ئويلۇدۇم، — دىدىلەر.

موماينىڭ خېرىدارلىقىغە لايىق شائىرنىڭ يازغان ئەبياتلەرى:

مىسرنىڭ بازارىدا يۇسۇف زۇنىنارىنى كۆرۈك،
يەتتە ئوخچا پاختا ژىپ يۇسۇف خېرىدارىن كۆرۈك.

ھەر كىشى كەلسە بازارغە ئەيمىنىپ سۆز قىلمىسا،
كۆرسىتىپ ئايدەك جامال ئاينە دارىنى كۆرۈك.

موماينىڭ سۆزى قۇلاققە ھەر زامان تەسىر قىلۇر،
پاختا ژىپقا ئايرىباش قىلغان بازارىنى كۆرۈك.

يۇسۇفنىڭ جامالىغە شاھزادىلەر مەدھۇش ئىدى،
قوزغۇلۇپ ھەر بىر خوتۇن - قىزلار خېرىدارىن كۆرۈك.

تارتادۇر ھەر ۋاقتىدا بازار كىشى ئۆز مەيلىغە،
ئۆچمىگەي روزى قىيامەت ئىشق بازارىن كۆرۈك.

ئەي ئابدۇللا ئۇشبۇ كەمىنىر سۆزنى نەزم ئەيلەدىڭ،
بىلكى يارانلار ئارا ھەرقانچە گۆفتارىن كۆرۈك.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن مالىك داغۇرىدىن

سورىدى:

— ئەي مالىك بۇ قۇلنىڭ باھاسىنى قانچە دەيسەن؟

مالىك داغۇرى:

— ئەي خالايىقلار! ئاڭلاڭلاركى، بۇ قۇلۇمنىڭ باھاسى شۇلدۇركى، تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇنى سالۇرمەن. يەنە بىر تەرىپىگە ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىرلارنى سالۇرلەر. بارابەر كەلسە ئالسۇن، كەلمىسە ئالمىسۇن، — دىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خالايىقلار ھەممىسى ئۆيلەرىگە تارقاشتىلەر. ئەرتەسى يەنە رىيان مالىك ھۆكۈم قىلدى، قۇلنى بازارغە ئېلىپ كىرسۇن، دىدى. مالىك داغۇرى يەنە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى بازارغە ئېلىپ كەلدى. شاھى رىيان كۆڭلىدە: ئۇشبۇ قۇل ماڭا لايىق ئىكەن، ئالسام بولۇرمىكىن؟ دەپ ئۆيىگە كەلدى. بازاردا غەۋغا چىقدىكى، ھاي - ھاي، شاھ رىيان بۇ قۇلنى ئالغۇدەك، دەپ. زىلەيخا بىلمەس كىشى بولۇپ، پادشادىن سورىدى:

ئەي پادشاھى ئالەم، بۇ نىمە غەۋغا؟

پادشا: مالىك داغۇرى كەنئاندىن بىر قۇل ئېلىپدۇر، ئۇنى بازارغە سېلىپدۇر، بۇ قۇلغە مىسىر خەلقى ئاشىق بولۇپدۇر ۋە لېكىن بۇ قۇلنىڭ باھاسىغەھىچ كىم يەتمىدى، مەن باھاسىنى بېرەي دەپ خىيال قىلدىم، — دىدى. زىلەيخا يەنە ئەي ئېزىز، خوپ خىيال قىلىپسىز، مەن ھەم بېرىپ كۆرسەم بولۇرمىكىن؟ — دىدى. رىيان مالىك، ناھايىتى ياخشى بولۇر، دەپ ئىجازەت بەردى. زىلەيخا تاقەت تۇتالماي يۇسۇفنى يەنە بېرىپ كۆردىلەر. قايتىپ كېلىپ رىيانغە ئېيتتىلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ياخشى خىيال قىلىپسىز، بىزگە لايىق قۇل ئىكەن. ئىككىمىزنىڭ بالىمىز يوق، ئۇنى مەھرەمخانىدە خىزمەت قىلغىلى قويساق ھەرئىش قىلسىڭىز ئۇشبۇ قۇلنى ئىبلەڭ! شۇنچە مال - دۇنيا سىزنىڭ، يېتەر، مەگەر يەتمىسە مەن ھەم بېرەي.

رىيان مالىك خوپ بولۇر، دەپ بۇ قۇلنى ئالماقتا تەيىن تاپتى. زىلەيخا يەنە تاقەت قىلالماي، ئەي ئىززىز، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ! خەزىنىڭىزنىڭ ئىشكلىرىنى ئاچتۇراي، دەر مەھال ئالدىراڭ، مالىك داغۇرى قايتىپ قالمىسۇن، دەپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتى، ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىرلارنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. شاھى رىيان بۇ ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، مىسىر مەيدانىدا يۇسۇف ئەلەيھىسسا-لامنى سالغان تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە سالدى. ئالتۇنلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بارابىرىدە كەلمىدى. رىيان مالىك بۇ سودىنى قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. بۇلارنىڭ خىجالەتىدە قالغىنىنى بىلىپ، ھەزرەت يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە: ماڭا بىر دۇگەت، قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ بەرگىل، — دېدى. ئول: كىشى دەرھال قەلەم، قەغەز ئېلىپ بەردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام «لائىلاھە ئىللاللا مۇھەممەدۇن رەسۇ-لىللا» نى پۈتۈپ، تارازىنىڭ مال تەرىپىگە سالدى. خۇدايى تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن، بۇ كەلىمەنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئالتۇنلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغە بەرابەر كەلدى. ئىنشائاللا! تاڭلا قىيامەت كۈنى ھەر بەندەئى مۆئمىنىنىڭ كۆڭلىدە بۇ كەلىمە تەكرار بولسا، تارازا مەيدانىغە سالسا، بۇ كەلىمە گۇناھىدىن ئارتۇق كەلسە ئەجەب ئېرمەس. ئىنشائاللا!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ رىيان مالىك ئالدىلەر. مالىك داغۇرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەي يۈسۈف! ماڭا ۋەدە قىلىپ ئېرىدىڭ، ئەمدى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىل، ئەسلى زاتىڭنى بايان قىلغىل! ھىلى ھەم بولسا ئۆزۈم بىلۈرمەن، — دىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى زاتىنى بايان قىلغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى.

ئەسلى زاتىم مېنىڭ ئىبراھىم خېلىل،
مالىك ساڭا بىر بىر بايان ئەيلەيىن.
ھەردەم كېلۇر ھەقدىن ئاڭا جەبرائىل،
ئاتام پەيغەمبەردۇر ئايان ئەيلەيىن.

ئاتى يەئقۇب يۈسۈف ئۈچۈن زار ئولغان،
غېمى قايغۇ بىرلە ئۆزى يار ئولغان،
يورۇق جاھان كۆزلەرىغە تار ئولغان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈم گىريان ئەيلەيىن.

قۇش ئۇچادۇر ئۇگاسىدىن بىچەسى
كېيىن قالغان ئۇچالمايىن گەنجەسى،
مەن ئېرۇرمەن يەئقۇب ئوغلى كەنجەسى،
پەرۋازىنى ئەمدى قايان ئەيلەيىن.

بابام پەندى نېسىھەتىن تۇتمادىم،
ئۇنىڭ كۆرگەن تۈشىن باۋەر قىلمادىم،

ئول سەبەبدىن مۇرادىمغە يەتمەدىم،
كۆرسەم ئەمدى سۆزنى بىجان ئەيلەيىن.

جۇدا قىلدى فەلەك مېنى ئاتادىن،
ئېبنى يەمەن، نارجان ئاتلىق سىگلىمدىن،
كىمگە يىغلاي مۇنداغ جەۋرى جافادىن،
ھىجران ئوتى ئەمدى ئايان ئەيلەيىن.

مالىك مېنىڭ نىسىھەتىم تۇتارسەن،
بۇ سىرلارنى ئەمدى پىنھان ئېتەرسەن،
ئەمدى سەن ھەم مۇرادىڭغە يېتەرسەن،
مەئمۇر سېنى ئىككى جاھان ئەيلەيىن.

ئابدۇللا سەن ئەسلى زاتىڭ بىلۇرسەن،
پەيغەمبەرلەر ھىكايىتىن سۆزلەرسەن،
قىيامەت كۈن شاپائەتنى كۆزلەرسەن،
قەلەم بىرلەن دائىم بايان ئەيلەيىن.

ئەلقىسسە: مالىك بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ساتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ زار يىغلاپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، بېشىنى قويۇپ ئەيدىكى: مەن بۇ سىرىڭىزنى بىلمىدىم، مەگەر بىلسەم ئىدىم ھەرگىز ساتماس ئېردىم، ھالاھەم بولسا قايتۇرۇپ ئالمەن!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدىكى!:

— ئەمدى قويغىل، جانىڭنى فىدا قىلساڭ ئورنىغا كەلمەس. مېنىڭ پىنھان سىرىمنى ئاشكارا قىلما!

مالىك داغۇزى ساتقىنىغا خىجالەت بولۇپ:
— ئەي يۈسۈف! ماڭا بىر دۇئا قىلىڭ، سىزنىڭ دۇئاڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللا تائالا مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلسا ئەجەپ ئېرمەس، — دېدى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاللا تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن مالىك داغۇزى ئون ئوغۇل فەرزەنت كۆردى، دەپتۇرلەر.
ئەلقىسسە: مالىك رىيان يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ ئۇنى مەھاپىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيلىرىگە كەلدى. مىسىر خەلقى، مالىك رىيان بىر مۇنچە دۇنيا ماللىرىنى، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بىر قۇلغە زايىئە قىلدى دەپ مالامەت قىلىشتىلەر. مىسىر خەلقىدە پادىشاغە قۇل كېرەكمۇ يا پۇل كېرەكمۇ؟ دەپ غۇلغۇلە پەيدا بولدى. شاھ رىيان ئۆيىگە كېلىپ خەزىنىدارىدىن سورىدىكى: خەزىنىدە دۇنيا قالدىمۇ-قالمىدىمۇ؟ خەزىندارى غەزەپ بىرلەن: خەزىنىدە دەرەخنىڭ ياپراغى قالدى، — دېدى. ئاندىن شاھ رىيان ئۆزى خەزىنىغە كىرىپ باقتىكى، خەزىنىدە ئالتۇن-كۈمۈش ئىككى ھەسسە زىيادە تۇرادۇر. شاھ رىيان ھەيران ۋە خوش ۋەقت بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ زىلەيخاغە:
— ئەي زىلەيخا! بۇ قۇل بىزگە فەرزەنت بولۇدىغان قۇل ئىكەن، شاراپەتلىك، خاسىيەتلىك، بەرىكەتلىك قۇل ئىكەن، خەزىنىنىڭ مالى ئەۋۋەلقىدىن ئىككى ھەسسە زىيادە بولۇپدۇر، — دېدى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنى قۇلىغىدا مەھكەم تۇتتى. زىلەيخا، ھايات بولسام بۇ بالىغا ياخشىلىق قىلۇرمەن دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

شاھ رىيان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى زىلەيخانىڭ خىزمىتىدە قويدىلەر. زىلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى باشتىنى تاراپ، ياخشى لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، تۈرلۈك نېمەتلەرنى بېرىپ پەرۋىش قىلىپ باقار ئىدى، يېنىدىن يىراق يەرگە ئىبەر-مەس ئىدى. بىرنەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى. زىلەيخانىڭ ئىشقى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولۇر ئىدى، لېكىن خالا-يىقلاردىن نومۇس قىلىپ، سىرىنى ئاشكارا قىلالماس ئىدى. بۇ مۇشەققەت، بۇ كۆلپەتلەر بىلە يەتتە يىل ئۆتتى. زىلەيخانىڭ ھالى زەئىپ بولۇپ، بۇ سىرىمنى ئاشكارا قىلمىسام بولماس دەپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بىر خىلۋەت يەرگە قىچقىرىپ: ئەي يۈسۈپ، ساڭا ئەرزى ھالىم باردۇر، — دىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام: — ئەي زىلەيخا، سىرىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن ئاڭلاپ تەدبىرىنى قىلاي، — دىدى.

زىلەيخانىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئالدىدە تەلپۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتار سۆزىنى بىلەلمەي تۇرغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىرنىڭ ئوتتۇز ئۈچىنچى مەجلىسدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

ئايا يۈسۈپ نەچچە يىلدۇر مېنىڭ ھالىم خاراپ ئەتتىڭ،
يۈرەككە ئىشق ئوتى سالدىڭ جىگەر باغرىم كاباپ ئەتتىڭ،
مەن بىچارىغە جەبرى، سىتەملەر بىھساپ ئەتتىڭ،
كۆرەرمەن كۈن سىرى ئايدەك يۈزۈڭنى ئافتاپ ئەتتىڭ،
بولۇپمەن قانچەئى تەشنا ماڭا قانىم شاراپ ئەتتىڭ.

سېنى دەپ مىسرىغە كەلدىم يېرىم مەغرۇپ زىمىن ئىدى،
مېنىڭ ھۆكمىم راۋان ئاندا چىنىنى ئانچىنان ئىدى،
مېنىڭ ئىشقىمدا سۇلتانلار ھەمىشە زەركەمەر ئىدى،

مۇنى يالغان دىمە ھەرگىز سۆزۈم بى شۇبھە چىن ئېردى،
تۈشۈمدە ھەر زامان ئۇچراپ يۈرەگىم بىھىساپ ئەتتىڭ.

نى مەن تەنھا كۈيەدۇرمەن سېنىڭ ئىشقىڭدا جان ئۆرتەر،
مېنى دائىم ياقار ئوتقا بۆلەكچە ھەر زامان ئۆرتەر،
سېنىڭ ئىشقىڭ مېنىڭ كۆڭلۈم ئارا جىسمىمنى جان ئۆرتەر،
بى زاھىر دۈشمىنى جانىم بولۇپسەن كۆپ يامان ئۆرتەر،
مېنىڭ كۆڭلۈمنى تىندۇرغىل بۇ جاننى ئىزتىراپ ئەتتىڭ.

مۇرادىم ئول ئىدى سەندىن سېنىڭ بىر گۈل يۈزۈڭ كۆرسەم،
كېچىپمەن جۈملە دۆلەتدىن سېنىڭ يانىڭدە ئولتۇرسام،
ئاياغىڭغە باشىم قويسام يەنە باشىڭدىن ئۆرگۈلسەم،
تۇتۇپ غۇنچە بويۇڭ بىرلەن شېكەردەك لەبلىرىڭ سۆيسەم،
نەچچە يىلدۇر فىراقىڭدا مېنى بىخۇد خاراپ ئەتتىڭ.

مەن ھەم سېنىڭ جامالىڭغە سەن ھەم مېنىڭ جامالىمغە،
كۆزۈڭ ئاچىپ نەزەر قىلساڭ مېنىڭ لەئلى زۇلالىمغە،
تەرەھھۇم قىلمىساڭ ئەمدى قالادۇرسەن ۋابالىمغە،
خۇدايىڭدىن ئەگەر قورقساڭ تەرەھھۇم ئەيلە ھالىمغە،
تىرىكلىكدە ئۈمىد ئۈزمەي ماڭا قاتتىق ئازاپ ئەتتىڭ.

زىلەيخاغا بۇ ئابدۇللا قەلەم تارتىپ جاپا چەكتى،
مۇھەببەت يولىنى ئىشق ئەھلىنىڭ بوستانىغە ئاچتى،
كۆڭۈل بازارىنى ئاباد قىلۇرغە ئىشقىنى ساچتى،
قولىغە نەشتىرى ئىشق قەلەمنىڭ دەفتىرى ئاچتى،
زىلەيخا كۆزىگە يۈسۈف جامالىن ئافتاپ ئەتتىڭ.

ئەلقىسسە: زىلەيخا بۇ بېيىتنى ئېيتقاندىن كېيىن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغە كۆزىنى ئېچىپ قاراپ تۇردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ مۇخەممەسنى ئاڭلاپ پىكىر قىلدىكى، مېنىڭ ئىشقىم زىلەيخاغە تۈشكەن ئىكەن، ئەمدى نە چارە قىلماق كېرەك؟ شاھ رەييان مېنى فەرزەندىم دەپ. ماڭا خىيانەت قىلمايدۇر دېگەن بولسا، ئەمدى نە ئىلاج قىلاي؟ قىيامەت كۈنى ئاللا تائالاغە نېچۈك جاۋاپ بېرەي؟ ئاتام ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، مالىك رەييانىنىڭ ھەققىغە نېچۈك خىيانەت قىلاي؟ ئانامدىن ئۆلۈم ئايرىدى، ئاتامدىن تىرىك ئايرىلدىم، كەنئاندىن ئايرىلىپ يېتىم بولغانىم يېتەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەلەمگە يولۇقسام بولماس. لېكىن زىلەيخاغە قاتتىق سۆزلىسەم مەندىن رەنجىپ قالادۇر. مەگەر يۇمشاق سۆزلىسەم ئەلبەتتە مۇھەببىتى زىيادە بولۇر. نېچۈك قىلماق كېرەك؟ ئۆز ئەھۋالىمغە لايىق نېسىھەت سۆز قىلاي. مەگەر ھالىمغە يەتسە ئەجەپ ئېرمەس دەپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخاغە ئەيدىكى:

— ئەي مېنىڭ خوجام، مەن بولسام بىر غېرىپ ھەم يېتىم، يەنە قۇل بولۇپ سېتىلدىم. بۇ ئىشنى قىلىپ شەرمەندە بولۇرمەن. ماڭا داغ ئۈستىگە ئەلەم قىلمىسىڭىز، بۇ ئىشلارغا سەبىر قىلىڭ، ئاخىر مۇرادىڭىزغا يېتەرسىز!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىغە يېتىپ، شائىرنىڭ ئوتتۇز تۆتىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى:

مۇسافىرمەن شەھرىڭىزغە كەلمىشىم،
مەن بىلمەيمەن ياخشى ـ يامان كىمنىڭدۇر؟

كەنئان گۈلى مۇندە كېلىپ سولمىشم،
ئەمدى بىلەي سودا زىيان كىمنىڭدۇر؟

قويغىل مېنى بىرنەچچە كۈن يۈرەيىن،
ئاتا ـ ئانام فىراقىدا كۈيەيىن،
كىملەر ياخشى كىملەر يامان بىلەيىن،
سەندە بولسام ئاخىر بۇ جان كىمنىڭدۇر؟

جۇدالىقنىڭ ئوتى مەندە زىيادە،
ئەلدىن ـ ئەلگە سېتىلمىشم پىيادە،
قۇل ئىشنى قىلسا ھەددىن زىيادە،
دوزاخ ئىچرە نار سوزان كىمنىڭدۇر؟

كەلسە جامى مۇھەببەتدىن مەي ئىچەر،
سەبرى ئەيلىسە ئاخىر مەھبۇبىن قۇچار،
ھەم يۈزىگە دۆلەت ئىشىگىن ئاچار،
بىلمەس كىشى يۈسۈف ئەمدى كىمنىڭدۇر؟

يۈسۈف ئېيتۇر ئامان بولغىل زىلەيخا،
بىلمىسۇنلەر ياخشى ـ يامان زىلەيخا،
سەبرى ئەيلەگىل قاشى قارا زىلەيخا،
سېنى سۆيمەي ئاخىر دەۋران كىمنىڭدۇر؟

مىسىر شەھرى مېنىڭ مۈلكىم بولغۇسى،
بارچە ماڭا مەتابىئەت قىلغۇسى،
بۇ ئېلىمگە دۆلەت قۇشى قونغۇسى،
تەخت ـ بەخت ئاخىر جەۋلان كىمنىڭدۇر؟

قىسمەت مېنى ھەم ئاتامدىن ئايرىدى،
غۇربەت بىلە قاناتىمنى قايرىدى،
ئەلدىن - ئەلگە ساتتى مېنى قۇل قىلدى،
خوش ئاڭلىساڭ زىلەيخاھىم كىمنىڭدۇر؟

مۇشكۇللەرنىڭ ئاسانىشى سەبرىدۇر،
تەئجىل قىلماق ساڭا ماڭا جەبرىدۇر،
بۇ مۇھەببەت كەلمەكلىگى يېقىندۇر،
مىسىر شەھرى تەخت راۋان كىمنىڭدۇر؟

ئابدۇللا سەن ھەق يولىغە جىدەل قىل،
ھىممەت بىلەن ئاخىرەتكە ئەمەل قىل،
گۇناھىڭغا دائىم مادام تۆۋبە قىل،
ھەق رىزاسى ھۆرى جەننەت كىمنىڭدۇر؟

**ئەلقىسسە:** بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ زىلەيخا بىر ئاز سەبرى قىلدى. بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتتى، زىلەيخا تاقەت قىلالماي، يۈسۈفنىڭ ماڭا ئىختىيارى يوق ئىكەن، بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلاي، بىرنەچچە قىلىقسىز قىزلارنى تاپاي، يۈسۈفنى قىزلارغا قوشۇپ چاھار باققا ئېۋەتەي، زىبا قىزلار بىلەن ئوينۇشۇپ ئىشقىبازلىقىدىن تەئلىم ئالسۇن، مېنىڭ مەقسىدىمنى ھاسىل قىلسۇن دەپ خىيال قىلدى. ئۇ، بىرنەچچە قىزلارنى جەمئى قىلىپ، بۇ قىزلارغا سۆز ئۆگەتتى، يۈسۈف بىلە چاھار باققا بېرىپ رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرنى ئۈزۈپ قىسىپ ئويناپ كېلىڭلار. يۈسۈف سىزلەرگە نىمە دىسە، قانداق ئويۇنلار قىلسا، قاتتىق سۆز قىلماڭلار،

ئۇنىڭغا ئىشقىبازلىقدىن تەئلىم بېرىڭلار. مەگەر يۇسۇف سىزلەرگە سۆز قىلمىسا، سىزلەر سۆز تاشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئويغۇتۇپ كېلىڭلار! — دىدى. بۇ قىزلار خوپ بولۇر دەپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ، چاھار باغقا راۋان بولدى. يەنە زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ: بۈگۈن كېچە بولغىچە بۇ قىزلار بىلە چاھار باققا بېرىپ، گۈللەر ئۈزۈپ ئويناپ كېلىڭ، قىزلاردىن ئايرىلماڭ، بۇ قىزلار نىمە دىسە خوپ بولۇر دەپ ئويناڭ! — دىدى. بۇ سۆزنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام نائىلاج قوبۇل قىلدى، ئاخىرى قىزلارغا قوشۇلۇپ چاھار باققا كەتتىلەر.

زىلەيخانىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چاھار باغقا ئىبەرىپ، ئارقىسىدا تەلۋۈرۈپ قالغىنىغا لايىق زىلەيخانىڭ ھالىغە يېتىپ شائىرنىڭ غايىبانە ئوتتۇز بەشىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتلەرى:

ئاتىم مېنىڭ زىلەيخا باغرىمنى پارە قىلدىم،
ئىشقىنىڭ ئوتى تۇتاشتى كۆڭلۈمنى يارە قىلدىم.

سۆزگە قۇلاق سالۇر دەپ دىلىمنى زارە قىلدىم،
تەدبىرى چارە ئەيلەپ باغلارنى كارى قىلدىم.

قىزلارغا بولسا مەغرۇر باغلاردە تاپسا لەززەت،
كەلسە ماڭا بۇ لەززەت ھەر كۈندە زارى قىلدىم

قىزلار سالۇر ئويۇنغا ئالداپ كېلۇر بويۇمغا،
ئالۇر مېنى قويۇنغا دىلىمنى خۇمارى قىلدىم.

قىزلاردىن ئالسا بەھرى مەئلۇم بولۇر جامالى،
يەتكەي ماڭا ۋىسالى ئىشق بازارى قىلدىم.

مەن يولىغا قارايىن قانداق كېلۇر كۆرەيىن،
ھەم رەڭمۇ ـ رەڭ بولايىن قىزلارنى يارى قىلدىم.

يۇسۇف بىرلە زۇلەيخا بىر ـ بىرىنە تېردى شەيدا،
مىسىرغە سالدى غەۋغا تەقدىرغە چارى قىلدىم.

ئابدۇللا سەن قەلەمدە، كېچە ـ كۈندۈز ئەلەمدە،
يازغىل ھەر بىر قەدەمدە تىنماي ئەشئارى قىلدىم.

ئەلقىسسە: زۇلەيخا بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ مەغرۇر بولۇپ قالدى. قىزلار بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چاھار باقتا باردىلەر. قىزلار يۇسۇفكە تۈرلۈك مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ ھەم مۇھەببەتلىك ئويۇنلارنى قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدىلەر:

—ئەي قىزلار! بىر پەيغەمبەر ئەۋلادىدۇرمىز. سىزلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭىزلار ماڭا ئەسلا لايىق ئەمەس. مەگەر سىزلەرنىڭ مىكرىڭلارغا كىرسەم قىيامەت كۈنى دوزاخدىن قۇتۇلالماسمەن. ھەر كىم خۇدانىڭ بەندىسى بولسا، مۇنداغ ھارام ئىشنى قىلمايدۇر، جەننەت يۈزى كۆرمەيدۇر. مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسەڭلار، خۇدايى تائالانى بىر بىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىپ، يەئقۇب پەيغەمبەرنى بەرھەق دىسەڭلار، قىيامەت كۈنى ئۇشبۇ قىز ھالىتىدە جەننەتكە كىرىپ

يىگىتلەر بىلەن بىرلە جەۋلان قىلىپ ئەيشى - ئىشرەتتە بولۇرسىزلەر!

قىزلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاللا تائالانىڭ ھىدايىتى بىرلەن مۇسۇلمان بولدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇلارغا تاھارەت ئېلىشتىن، ناماز روزە، ئىبادەتلەردىن تەئلىم بەردى.

بۇ قىزلارنىڭ ئىسلامغا كىرگىنىگە لايىق ساھىپ شائىر ئوتتۇز ئالتىنچى مەجلىسىدە ئۇشبۇ ئەبياتنى يازدى:

ناماز روزەدىن بەردىكى تەئلىم،
ئۇشۇل قىزلار يۈسۈفكە بولدى تەسلىم.

كى تەۋپىق بەردىلەر قىزلارغا راھمان،
بايان قىلدى ئۇلارغا خەيرى ئىھسان.

زىلەيخا باشلادي دوزاخقا ئۇنى،
ئۇلار بولدى بىھىشتىنىڭ چاۋىدانى.

زىلەيخا باشلادى شەيتان يولىغا،
بويۇن سۇندى ئۇلار راھمان يولىغا.

زىلەيخا باشلادى راھى كاسافەت،
ئۇلارنىڭ بارچىسى تاپدى شارافەت.

زىلەيخانىڭ سۆزى نەفسى ئۈچۈندۇر،
يۈسۈفنىڭ ئىختىيارى راھنىمۇندۇر.

يۈسۈف قىلدى ئۇلارنى ھۆرى جەننەت،
زىلەيخاغا بۇ قىزلار قىلدى لەنەت.

يېزىپ ئابدۇللا دەفتەر شەرھى قىلدى،
بۇ قىزلارغا زىلەيخا مىكرى قىلدى.

بۇ قىزلارنى يۈسۈف قىلدى كامالى،
قىيامەتدە كۆرەر ھۆسنى جامالى.

ئەلقىسسە: كۈن كېچە بولدى. بۇ قىزلار باغدىن ياندى. زىلەيخا يول ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇردى. بۇ قىزلار كېلەدۇر، كۆرسە، قىزلار ئەۋۋەلقى كۇفۇرلۇق رەڭ- گىدىن چىقىپ مۇسۇلمان چىرايى بىرلە كېلەدۇر. زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قارىدى. ئەۋۋەلقىدىن چىرايلىق بولۇپدۇر، بۇنىڭ ھېچ بىر ئالدانغىنى مەئلۇم ئەمەس. زىلەيخا بۇ قىزلارنى بىر خىلۋەت ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ جاۋاب سورىدى: يۈسۈف بىرلەن نىمە ئالامەت قىلدىڭلار؟ بۇ قىزلار ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىرىنى بايان قىلدى. زىلەيخانىڭ غەزىۋى كەلدى، لېكىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغە غەزىۋىنى بىلدۇر- مىدى. ئىككىنچى مەرتىبە بىر مۇنچە قىزلارنى يىغىپ يەنە مەسلىھەت قىلدى. ئاخىرى مۇرادى ھاسىل بولمىغىنىغا نالە قىلىپ، باشى قېتىپ دەردىنى ئېيتۇرغا كىشى تاپالماي قالدى.

زىلەيخانىڭ ھالىغا يىتىپ ساھىپ شائىر زىلەيخاغا يارى يولداش بولۇپ، ئوتتۇز يەتتىنچى مەجلىسىدە ئۇشبۇ مۇسەددەسنى يازاي دەپ قولىغا قەلەم ئالدى:

دوستلارىم قانداق قىلىپ يۇسۇفنى ئىزدىمەك كېرەك،
كىم ماڭا جان دوست ئىكەن بىر مەسلىھەت قىلماق كېرەك،
ماڭا بىر يول كۆرسۇتۇڭ ئاخىر ئاڭا يەتمەك كېرەك،
ئۆيلىسام ئەۋۋەل ئۇنىڭ تەگىرىسىگە يەتمەك كېرەك،
ئەي يۇسۇفنىڭ تەگىرىسى ئەمدى نە فىكرى ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

نەچچە جانىمنى فىدا قىلدىم ئاڭا ھىچ بولمىدى،
ئەيلەدىم بىر نەچچە مىكرى ...رۋافا ھىچ بولمىدى،
ھەر جافاغا ۋافا قىلدىم ئاڭا ھىچ بولمىدى،
ئەگىشىپ يۇردۇم كىچە ـ كۈندۈز سەفا ھىچ بولمىدى،
ئەي يۇسۇفنىڭ تەگىرىسى ئەمدى نە فىكرى ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

تۇرلۇك ئالۋان نازۇ ـ نىئمەتلەر يىدۇردۇم بولمىدى،
شىرىن شەربەت ئەسەل ـ قەندى يىدۇردۇم بولمىدى،
ھۆرى جەننەت نەچچە قىزلارنى يىبەردىم بولمىدى،
نەچچە يۈز مىكرى بىلەن قىزلارنى قوشتۇم بولمىدى،
ئەي يۇسۇفنىڭ تەگىرىسى ئەمدى نە فىكرى ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

كېچەلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ ماڭا بولدى ھارام،
كۈندۈزى يۈز مىكرى ئىلە بولمىدى ئول ماڭا رام،
كېچە ـ كۈندۈز ئاقىبەت نە سەبرى مەندە نە ئارام،
ئىشقى ئوتى كۆيدۈرۈپ بولغاي مېنىڭ ئۆمرۈم تامام،
ئەي يۈسۈفنىڭ تەگرىسى ئەمدى نە فىكر ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

ياسىنىڭ يولۇڭدا ئىھسان ئەيلەسەم بولغايمۇكىن،
كەئبىغە بىر نەچچە مالنى ھايدىسام بولغايمۇكىن،
ئىبراھىمنىڭ تەگرىسى دەپ يىغلىسام بولغايمۇكىن،
ھەزرىتى يەئقۇب ئاتاڭ دەپ ئىگرىسام بولغايمۇكىن،
ئەي يۈسۈفنىڭ تەگرىسى ئەمدى نە فىكر ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

يا ئەزەلدە بارمۇكىن بىلمىدىم كارى قازا،
نە بولۇر كەلسە ماڭا بىردەم سېنىڭدىن ھەم رىزا،
مەن يۈسۈفنىڭ دەردىدە ھەر بالا كۆرسەم رىزا،
ئەمدى دادىمغا يېتەرمۇ كەلسىلەر تۈرلۈك ئىزا،
ئەي يۈسۈفنىڭ تەگرىسى ئەمدى نە فىكر ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

بۇ زىلەيخا ھالىنى ئابدۇللا ئىزھار ئەيلەدى،
ھەم مۇخەممەس ئەيلەدى زوقى مۇسەددەس ئەيلەدى،
ئەھلى شائىرلار ئارا سۆزنى مۇقەددەس ئەيلەدى،
قولىغا ئالدى قەلەم يازدى مۇتەففەس ئەيلەدى،

ئەي يۈسۈفنىڭ تەگرىسى ئەمدى نە فىكر ئەتمەك كېرەك،
يا ئۆلۈم بەرگىل دىمەك، يا ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك.

ئەلقىسسە: بۇ مۇسەددەسنى ئاڭلاپ زىلەيخا ھېچ تەدبىر تاپالماي، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ھەر كۈنى تۈرلۈك تائاملارنى بېرىپ، تۈرلۈك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى تەربىيەت قىلدى. ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالام پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ كەنئانىنى خىيال قىلىپ ئاتىسىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ يۈرگىنىگە ساھىپ شائىرنىڭ كەنئان شەھرى ھەققىدە يازغان ئوتتۇز سەككىزىنچى ئەبياتلەرى:

يارەب ئۆزۈك بولغىل ماڭا رەھنەمۇن،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟
كەنئان ئۈچۈن يۈرەك باغرىم بولدى خۇن،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

تۈنلەر ياتماي ئاھۇ ـ فىغان ئەيلەسەم،
كۆز ياشىمنى تۆكۈپ گىريان ئەيلەسەم،
بۇ جانىمنى ساڭا قۇربان ئەيلەسەم،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

ھۇزورۇڭدا مۇنداغ جافا كىم كۆرەر،
غېرىبلىقتا مېھنەت بالا كىم كۆرەر،
بولسا دەردىم ھەم بىداۋا كىم كۆرەر،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

ئاي يۇلدۇزنى مەن كۆرەرمەن سەھەردە،
ئول مېھرىبان ئاتام ئەمدى قايەردە،
كۆرەلمەيمەن ئاتامنى مەن ئارماندە،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

بادە سابا سالام دېگىل ئاتامغا،
يۈسۈف ئوغلۇڭ قالدى دېگىل يۈز غەمدە،
ھەم قۇل بولۇپ مۇپتىلادۇر ئەلەمگە،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

ئاقۇ - قارا ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ئاتام سىرى بارىپ ئەيتىل بۇ كۈنلەر،
يۈسۈف بولدى خاتىرىدىن ئۆتۈكلار،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

بادى سابا ئۆتەر بولساڭ كەنئانغا،
سالام دېگىل ئىبنى يەمەن، نارجانغا،
جۇدالىقدىن يۈسۈف قالدى ھەيرانغا،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەركۈن؟

ھاۋادىكى ئۇچقۇن ئۇچار كەبۇتەر،
ئاتام سىرى بارىپ ئەيتىل بۇ كۈنلەر،
دۇئا قىلسا ماڭا يېتەر بىر ئەسەر،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟

ئابدۇللا سەن زارى قىلغىل خۇداغا،
يۈسۈف مۇنداغ يولۇقتىلەر بالاغا،
بۇلبۇل بولۇپ يۈسۈف كىردى ناۋاغا،
بارمۇ ماڭا ئەمدى كەنئان يېتەر كۈن؟.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ئەبياتنى ئاڭلاپ دىلىدە ئەيدىكى، بىر كەنئانلىق ئۇچرىسا دەپ، كەنئاندىن بىر نەچچە سودىگەرلەر مىسىرغا سودىغا كېلىپ سودىسىنى قىلىپ ياندىلەر. ئۇلار مىسىرنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ ئېردى، بىر سودىگەرنىڭ تىيۆەسى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يېتىپ ئالدى، بىرمۇنچە تاياق ئۇردى، تىيۆە يۈرمىدى. ئاخىرى بۇ تىيۆەنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئول تىيۆە بىر كوچىغا يۈردى، ئىگىسى ئارقىسىدىن يۈردى. كۆردىكىم، تىيۆە شەھەرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ يېتىپ ئالدى. ئىگىسى ئۇنى يەنە كالتەك بىلەن ئۇردى، تىيۆە يۈرمىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئويناپ كېلىپ تىيۆەنىڭ ئىگىسىگە:
—ئەي ئادەم! نىمە مۇنچە كالتەك بىلەن ئۇرىسەن؟ بۇ تىيۆە نىمە گۇناھ قىلدى؟—دىدى.
كەنئانى ئەيدى:
— ئەي ئوغلان! سەن سورىما، مەن ئېيتماي. مەن بولسام كەنئانلىق سودىگەر ئىدىم، سودىمىزنى تۈگىتىپ قايتىپ ئىدۇك. ھەممە سودىگەرلەرنىڭ تىيۆەسى كەتتى، مېنىڭ بۇ تىيۆەم دەرۋازىدە يېتىپ ئالدى. بىرمۇنچە ئۇردۇم ماڭمىدى، ئاخىرى مەيلىگە قويۇپ بەردىم، مۇندا كەلدى، ئۇشبۇ سەبەبدىن ئۇرۇرمەن!
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كەنئاننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ

جان دىلى بىلەن يىغلاپ:

—كەنئانىدىكى يەئقۇب پەيغەمبەرنى بىلەمسەن؟— دېدى.

كەنئانى:

—ئەلبەتتە بىلىمەن. يەئقۇب پەيغەمبەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز، ھەممىمىز ئۇنىڭ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن بەرىكىتىدىن ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولغان ئىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ دەردى تولا. يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئون بىر ئوغلى بار ئىدى. ئەمما ھەممىسىدىن كىچىك يۈسۈپ ئىسىملىك ناھايىتى چىرايلىق پەرزەندى يوقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەردە كېچە - كۈندۈز يىغلاپ كۆزلىرى نابىنا بولدى. ئۇ يۈسۈپ دەپ يىغلىسا ئىشىتكەن ئادەم ئۆزىنى توختىتالماي بارابەر يىغلاپ كېتىدۇ. بىناگاھ بىر كۈنى ھەزرىتى ۋاجىپ تائالادىن نىدا كەلدىمۇ، كۆپ يىغلىمايدۇ،—دېدى.

ئەلقىسسە: «قىسسە سۇل ئەنبىيا» دېگەن كىتابدا كۆردۇم: بىر كۈنى ئاللا تەبەرۇك ۋە تائالا جىبرائىلغە ئەمىر قىلدىكى: بارغىل، يەئقۇب پەيغەمبەرگە مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈر، كۆپ يىغلىمىسۇن! ئەمدى يۈسۈپ دەپ يىغلىسا، پەيغەمبەرلىكنى ئالۇرمەن. قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن چىقىرۇرمەن، —دەپ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا ھەزەن دېگەن بىر ئۆي بىنا قىلىپ كېچە - كۈندۈز ئۇشبۇ ئۆيدە ئاللا تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ياتادۇر. ئەمما دىلىدە يۈسۈفنى ئويلايدىيۇ، ئاشكارە يۈسۈپ دەپ يىغلىمايدۇر. كىشىلەرگە ھەم قېتىلمايدۇر، سۆز ھەم قىلمايدۇر، دەپدۇرلەر. ۋاللەل ئەل يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتىلىرىنىڭ خەبىرىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ ئەيدىكى:

—ئەي كەنئانى، بىلۈرمۈسەن؟ يۈسۈف دىگەن ئوغۇل مەن بولۇرمەن. بىر نامەيىزىپ بەرسەم ئاتامغا بىرۇرمۈسەن؟ مىنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى ئاتامغا يەتكۈرسەڭ مەن ساڭا دۇئا قىلاي، ئاتام ھەم ئاڭلىسا ساڭا دۇئا قىلۇر. سىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشىڭ مەئمۇر بولغاي!

كەنئانى، خوپ بولۇر، دەپ قوبۇل قىلدى. شۇل ئەسنادا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام نامە يازماقچى بولدى.

ساھىب شائىر ھەم يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىسىغە لايىق كەلتۈرۈپ، ئوتتۇز توققۇزىنچى مەجلىسدە بۇ مۇسەددەسنى يازغىنى:

قە يىد يەتكۈر سالامىم ئول ئاتام ئىردى مىنىڭ،
ھەم ئاتامغا نامە يەتكۈر ئول قەدىردانىم مىنىڭ،
ھەر جاپا كەلسە باشىمغە دەرتكە دەرمانىم مىنىڭ،
مەن ئۇنىڭ ئوغلى بولۇرمەن ئىردى سۇلتانىم مىنىڭ،
تۈگىمۈدۈم ئەمرى ئاتامنىڭ كۆپدۇر ئارمانىم مىنىڭ،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە خىرامانىم مىنىڭ.

قەسىيد بارساڭ دىگەيسەن ئوغلىڭىزدىن بار خەبەر،
مەن خەبەر كەلتۈرمىشەم يەئقۇب ساڭا خەير-ۋەلخەبەر،
ئاي يۈزى شوئلەسىدىن يۈسۈف ساڭا بەردى خەبەر،
مىسىرنىڭ ئورداسىدا يۈرگەن بالاڭدىن ھەم خەبەر،
بۆرىنى يىدى دىگەن قانلىق بالاڭدىن ھەم خەبەر،
ۋايىكىم ياندى فىراقىڭدا يۈرەك باغرىم مىنىڭ.

بارىپ ئەيغىل سەن ئاتامغا ھەم خەبەرلەر بارمۇكىن،
لاچىنىدىن ئايرىلىپ ئالغان خەبەرلەر بارمۇكىن،

كىچە يىغلاپ كۈندۈزى بىلگەن خەبەرلەر بارمۇكىن،
ئەي يارانلار شەھرى مىسىردىن خەبەرلەر بارمۇكىن،
قەسىدا بۇ نامەدىن ئۆزگە خەبەرلەر بارمۇكىن،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە يۈرەك باغرىم مېنىڭ.

سۆزلەگىل قەسىد بارىب كۆردۈم شەھرىنىڭ مىسىرىندە،
ئاي يۈزى شەمس قەمەرلىك زىلەيخائى قەسرىدە،
بۇلبۇلى تۇتى قەفەس ئىچرە گىرىفتار ئەسرىدە،
ئېيتىپ ـ ئېيتىپ يىغلادى كۆرسە كۆزۈم دەپ بەسرىدە،
ئارزۇ ئەيلەر سېنى يەتىمەككە نەچارە مىسرىدە،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە خىرامانىم مېنىڭ.

ئاتى يۈسۈفدۇر ئاتام دەپ زارى يىغلاپ بىقارار،
ئەلدىن ـ ئەلگە ساتىلىپدۇر يوقتۇر ئاندا ئىختىيار،
ھەزرىتى يەئقۇب ئاتام دەپ دەردى غەمدە ئىنتىزار،
بىر كۆرۈشمەك بارمۇكىن دەپ كېچە ـ كۈندۈز يول قارار،
نارجان، ئىبنى يەمەن دەپ ھېمىشە بىمادار،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە خىرامانىم مېنىڭ.

ئېيتادۇر قايتىپ يەنە دىدار كۆرۈشمەك بارمۇكىن،
ئەۋۋەل ئاخىر يەنە بىر يەردە بولماق بارمۇكىن،
قۇتۇلۇپ ئۇشبۇ ئەلەملەردىن قوشۇلماق بارمۇكىن،
باغ ئارا گۈللەر كەبى قايتىپ ئاچىلماق بارمۇكىن،
بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ۋاقتىدا كۈلمەك بارمۇكىن،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە يۈرەك باغرىم مېنىڭ.

يازغىل ئابدۇللا يۈسۈپنىڭ ھالىنى ئەبيات قىلىپ،
ھەزرىتى يەئقۇب بىلەن يۈسۈپنى سەن مىڭ ياد قىلىپ،
تاڭلا مەھشەردە نەزەر سالغايمۇكىن دەپ داد قىلىپ،
تۆبە قىلغىل بۇ گۇناھىڭغا سەھەر فەرياد قىلىپ،
مەقبۇلى دەرگاھى ھەقدىن دايىما ئىرشاد قىلىپ،
ۋايىكىم ياندى فىراقىدە خىراماننىم مېنىڭ.

ئەلقىسسە: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ نامە مەكتۇپنى قەسىدگە بەردى، قەسىد نامەنى قولىغا ئېلىپ قوينىغا سالدى، ئاندىن كېيىن تىيۋەسىنى ھايدىدى، تىيۋەسى يەنە ماڭمىدى. قەسىدنىڭ غەزىپى كېلىپ تىيۋەنى ئۇردى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي قەسىد! سەبرى قىلغىل، مەن بۇ تىيۋەدىن جاۋاپ سوراي، — دېدى.

قەسىد خوپ بولۇر دەپ تۇردى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تىيۋەدىن سۆز سورىدى:

— ئەي خۇدانىڭ مەخلۇقى، نىمە ھاجىتىڭ بار؟ ماڭا ئېيتقىل!

تىيۋە يىغلىدى. خۇدا تائالا تىيۋەگە تىل ئاتا قىلدى. تىيۋە ئەۋۋەل شاھادەت كەلىمە ئوقۇدىلەر، ئاندىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغە ئېيدىكى:

— مەن شۇنچە تاياقلارنى يېدىم، سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلۇرمەن دەپ، بۇ قەسىد مېنى قانچە تاياق ئۇردى، يەنە سىز قەسىدگە دۇئا قىلدىڭىز، ئۇ يەنە كەنئانغا بېرىپ يەئقۇپ پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئالادۇر. تاياقنى مەن

يىدىم، دۇئانى كىم ئالدى؟
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
تىيۋە:
— نىمە مەقسىدىڭ بار، ماڭا ئېيتقىل!— دىدى.
— ئەگەر قىيامەت كۈنى بولسا، ماڭا ئوخشاش هايۋانلار هەم تىرىلىپ جەننەتكە كىرەرمۇ؟—دىدى.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
— ئەلبەتتە سەن جەننەتدىن چىققان، يەنە قايتىپ جەننەتكە بارۇرسەن،— دىدى.
تىيۋە ئەيدى:
—ئانداغ بولسا سىز مىنى ئالمىغۇنچە جەننەتكە كىرمەڭ!
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام خۇداغا قول كۆتىرىپ دۇئا قىلدى. ئالال تائالادىن نىدا كەلدىكى: ئەي يۇسۇف، تىيۋەنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم!
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تىيۋەنىڭ باشىنى سىلاپ:— ئەي جانىۋار يۇرگىل، هاجىتىڭنى خۇدا تائالا قوبۇل قىلدى — دىدى. تىيۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يولىغا راۋان بولدى.
ئۇلار نەچچە مەنزىللەرنى بېسىپ كەنئانغا يەتتىلەر. قەسىيد بەيتۇللا هەزەنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ دەرىزىدىن قارىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باشلىرىنى سەجدىگە قويۇپ، خۇدا تائالانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ مۇناجات قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى. قەسىيدنىڭ بۇ ئەهۋالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى مەئلۇم قىلىپ تۇرغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، ساهىپ شائىرنىڭ قىرىنچى مەجلىسدە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغە قاراپ ئۇشبۇ مۇستەمزادنى يازغىنى:

يەئقۇب نەبى كەلـدىم ساڭـا تۇرفە خەبەر بار ئوغـلانىڭ ئەمەسمۇ.

ئول ئاتى يۇسۇف جۇملە جاھان ئاڭا خېرىدىرىدار
ئول جانىڭ ئەمەسمۇ.
يۈز نالە بىلە نامە قىلىپ سىزگە ئىبەردى،
كۆرسەتتى جامالىنى.
ئەرىز ئەيلەدى ئول يۇسۇف ئۆزى يەكبار
دىدارىڭ ئەمەسمۇ.
ئاتاڭغا سالام دىدى ئۆزى تەلمۈرە قالدى
ئول بەلكى گىرىفتارى.
كۆيدۈرمىش ئۇنى دەرد فىراق ئوتى بىسيار
تەن - جانىڭ ئەمەسمۇ.
كۆرسەڭ يۈزىدىن شوئلەسىنى شەمس قەمەردۇر
رەشك ئىلە فىغان ئەيلەدى.
نىلاي نى قىلاي بەندە ئۆزى ئاندا گىرىفتار
ھەيرانىڭ ئەمەسمۇ.
بۇ ھالى خارابنى كۆرۈپ ھەر كىشى يىغلار
كۆيدۈردى ھەممە جاننى.
سەھراغا بارىپ كەلمەدى ئول يارى ۋافادار
ئارمانىڭ ئەمەسمۇ.
قەسىد كۆتۈرۈپ كەلدى خەربە يەئقۇب نالە
ئول شەھرى مىسىردىن.
بۇ نامەنى سەن ئاڭلا نەبى يەئقۇب يەكبار
بۇرھانىڭ ئەمەسمۇ.
كۆردۇم ئۇنى مەن سىنەسى غەم، كۆزلىرى نەمدۇر
قالدىكى ئەلەمدە.

يەئقۇب ئاتام ئېردى دىدى يىغلادى بىسيار
قۇربانىڭ ئەمەسمۇ
ھىجران ئوتىدا ۋاقىت ۋىسال ئولدىمىكىندۇر
مەن نامە ئېلىپ كەلدىم.
ئاڭلا بۇ سۆزۈم ئېردى خوش خەبەرىم بار
دەۋرانىڭ ئەمەسمۇ.
ئابدۇللا يازار قىلسا مەدەد بەلكى پەيغەمبەر
ھەم يۇسۇف سۇلتان.
ئەبيات قىلادۇر قىسسەلەردىن ئالەمگە ئىزھار
ئەسرارىڭ ئەمەسمۇ.

ئەلقىسسە: بۇ مۇستەمزادنى يەئقۇب پەيغەمبەر ئاڭلاپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ھۇشىغا كېلىپ قەسىيدنى قىچىردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نامەسىنى قولىغە ئېلىپ سورىدىكى:

سەن كىم بولۇرسەن؟ ئاتىڭ كىم؟ قايسى شەھەرنىڭ ئادىمى؟ يۇسۇف ئوغلۇمنى قانداق كۆردۈڭ؟

قەسيد ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر-بىر بايان قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلانلىرىنى چاقىرىپ قەسىيدگە يۈزلەشتۈردى.

ئوغلانلىرى ئەيدى:

— ئەي ئاتا، سىزگە نىمە ۋاقىئە بولدى؟ بۇ يالغانچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭ، ئەلبەتتە ئۇشبۇ سۆز يالغاندۇر. مەگەر راست بولسا بۇنىڭدىن بۆلەك ئادەملەر كۆرمەي، ئۇشبۇ يالغانچى كۆرەرمۇ؟

ئۇلار قەسىيدنى يالغان سۆزلىمە، ئاتىمىزنى پەرىشان

قىلماي — دەپ قوغلاپ چىقاردى. ئاتىلىرىغا: ئەي ئاتا، خۇدا-نىڭ تەقدىرىگە سەبرى قىلماق كېرەك، — دەپ چىقىپ كېتىشتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نا ئۇمىد بولۇپ نامەنى قو-لىغا تۇتۇپ تەلمۈرۈپ قالغىنىغا كەلتۈرۈپ ساھىپ شائىرنىڭ قىردىق بىرىنچى مەجلىسدە ئۇشبۇ ئەبياتنى يازغىنى:

دادىمغە يەت دەپ ئاللاغا يىغلاي،
مۇيەسسەر ئەت دەپ موللاغا يىغلاي.

قۇلمەن ئۆزەمدە يوق ئىختىيارىم،
ئازاد قىل دەپ خۇداغا يىغلاي.

سەرسان ئىرۇرمەن، نادان ئىرۇرمەن،
مەئلۇم قىلۇر دەپ داناغا يىغلاي.

ئوغلۇمنى كۆرمەي كۆزلۈم ئاقاردى،
كۆرەي ئۇنى دەپ بىيناغا يىغلاي.

يورۇق جاھاننى ماڭا قىلىپ تار،
كەڭ قىل يولۇم دەپ خۇداغا يىغلاي.

يوللاردا يۈردۈم ئوغلۇمنى كۆرمەي،
ئىلكىمنى ئال دەپ پادىشاغا يىغلاي.

ئوغلۇمدىن ئايرىپ غۇربەتكە سالدىڭ،
قايدا ئىكەن دەپ سەۋداغا يىغلاي.

نالەم ئوقىدىن تەڭ بولدى ھالىم،
باشىمغە تۈشكەن غەۋغاغە يىغلاي.

ئابدۇللا ئاگلا بۇ نالەلەرنى،
يۈسۈف - زىلەيخا زىباغا يىغلاي.

ئەلقىسسە: ئەمدى سۆزنى زىلەيخادىن ئىشىتىمەك كېرەك؛ زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغە نەچچە ھىلىلەرنى قىلىپ ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ھاسىل قىلالماي، نەچچە تۈرلۈك لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، تۈرلۈك تائاملارنى ئالدىغا قويۇپ، ئىززەت، ئىكراملار بىلەن بىقارار ئېردى. نەچچە نەغمىچى قىزلارنى قىچقىرىپ، نەغمە - ناۋالار قىلدۇرۇپ ھەم مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي قولىغا پىچاق ئېلىپ ئەيدىكى:

— ئەي يۈسۈف! مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسەڭ دۆلەت كۆرەرسەن، مەگەر كىرمىسەڭ مېھنەت كۆرەرسەن!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام:

— مەن ھەر قانچە بولسام مېھنەتىنىڭ قۇلىدۇرمەن. سېنىڭ راھىتىڭدىن، خۇدانىڭ مېھنىتى ئارتۇق، — دىدى.

زىلەيخا ئەيدى:

— لىباسلارنى تاشلا! ئەسكى لىباسلارنى كىيىگىل، قولۇڭغا كەتمەن ئال! چاھار باققا بېرىپ مەدىكارلارنىڭ قاتارىدا ئىشلە، يەر تۈزلەيسەن! دۆلەتكە لايىق قۇل ئەمەس

ئىكەنسەن، ئەمدى سىنى مەدىكارلار قاتارىدا تۇتاي!
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
— خۇدايى تائالا مېنى قانداق ئىشقا لايىق ياراتقان بولسا مەن شۇنىڭغا لايىق قۇلمەن، ئەمما سىنىڭ سۆزۈڭگە كىرمەيمەن، سىنىڭ سۆزۈڭگە كىرگەن ئادەم دوزاخدىن قۇتۇلمايدۇر، دەپ قولىغا كەتمەننى ئېلىپ، مەدىكارلار قاتارىدا چاھار باققا باردىلەر.
چاھار باغدا قىرىق مەدىكار ھەر كۈنى ئىشلەپ تۇرار ئېردى. بۇلار ئەيدى:
— ئەي يۇسۇف! سىز ئاللاتائالانىڭ كەتمەنگە لايىق ياراتقان بەندىسى ئەمەس. كەتمەننى بىز چاپايلى، سىز تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇڭ!— دىدى.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
— مەن ھەم قۇلدۇرمەن، قۇللۇغۇمنى قىلاي،— دەپ كەتمەننى ئېلىپ چاپتى.
بىر يىگىت كېلىپ كەتمەننى قولىدىن ئېلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى يېتىلەپ بىر ئانارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ:
— سىز بىزگە دۇئا قىلىڭ! سىزنىڭ دۇئاڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن بىزلەر ئون كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈندە قىلساق ئەجەپ ئېرمەس،— دەپ كەتمەننى ئېلىپ كەتتى.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. مەدىكارلارغا غەيرەت پەيدا بولۇپ، بۇ كۈن ئون كۈنلۈك ئىشنى پۈتتۈردى.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ دۇئايى شۈكرى بىجا كەلتۈرۈپ ئولتۇردى.
زلەيخا يەنە تاقەت قىلالماي چاھار باققا بېرىپ:

— ئەي يۇسۇف، يىراق بولساڭ فىراقىڭدا كۆيەرمەن، يېقىن بولساڭ ئوتىڭدە يېنىپ كېلەرمەن، ئەي ئېقىلسىز يۇسۇف، راھەتنى تاشلاپ، مېھنەتكە يولۇقتۇڭ. ھېچ بولمىسا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا، مېنىڭ بىلەن ئەيش فاراغەتتە بولغىل، بۇ جاپادىن قۇتۇلغىل! — دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— قۇل بولۇپ ئىشلەيمەن، سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرمەيمەن!

زىلەيخانىڭ چاھار باغنىڭ تېمىدا تەلمۈرۈپ تۇزغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، ساھىپ شائىرنىڭ قىرىق ئىككىنچى مەجلىسدە يازغان ئەبياتى:

ئاي يۇسۇفنى كۆرەي دەپ ناله قىلۇرمەن،
سەندىن كۆڭۈل ئۈزۈلمەس ئەمدى يىغلارمەن،
قىلما مېنى نا ئۇمىد ناله قىلۇرمەن،
ئالغىل مېنىڭ كۆڭلۈم دەپ ساڭا يىغلارمەن

مېنىڭ تۈشۈم بالا بولدى،
كۆڭلۈم ئوتىدا يانار بولدى،
يولۇڭدا جانىم ئادا بولدى،
ئالغىل مېنىڭ كۆڭلۈم دەپ ئەمدى يىغلارمەن.

ئاھ كاشكى ئۆز يۇرتۇمدا بولسام ئىدىم،
مۇنداغ ھىجران بالاسىنى كۆرمەس ئىدىم
بەلكى ئىشقىنىڭ داۋاسىنى تاپار ئىدىم،
ئالغىل مېنىڭ كۆڭلۈم دەپ ئەمدى يىغلارمەن.

ئابدۇللا سەن زىلەيخانى نەزمە قىل،
يۈسۈف بىرلە زىلەيخانى بەزمە قىل،
مەجلىسلەرنى قىزىتماققا ئەزمە قىل،
ئالغىل مېنىڭ كۆڭلۈم دەپ ئەمدى يىغلارمەن.

ئەلقىسسە: زىلەيخا چاھار باغدىن قايتىپ كېلىپ دەردىنى بىر ئاقىل خاتۇنغا بايان قىلدى. بۇ خاتۇن سورىدى:

— ئەي زىلەيخا! تۈشۈڭدە كۆرگەن يىگىت ئۇشبۇ كىشىمۇ؟

زىلەيخا:

تۈشۈمدە كۆرگەن يىگىت ئۇشبۇدۇر. مېنى دەرت ـ ئەلەمگە قويغان، مېھنەت جاپاسىغا سالغان يىگىت مۇشۇ ئېردى. نە چارە ـ تەدبىر قىلماق كېرەك، ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەت دىدى.

ئاقىل خاتۇن:

— غەم يىمە، دۇنيانى ئايىما مەن بىر ئىش قىلاي!— دىدى.

زىلەيخا:

— ئەگەر دۇنيانى ئايىما دىسەڭ جانىمنى دىسەڭ ھەم بېرۇرمەن،— دىدى.

ئاقىل خاتۇن مەن بىر ئۆي سالدۇراي دەپ، يەتتە قەۋەت تام قوپۇرۇپ، ھەر تامنىڭ ئالدىغا لەئەل جاۋاھىر- لاردىن نەقىش قىلدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە يەنە بىر ئۆي قىلدى. بۇ ئۆيگە ئانداغ نەقىش ھكرى قىلدىكىم، ھېچ مەخلۇقاتنىڭ قولىدىن كەلمىگەي ۋە خىيالىدىن كەچمەس

ئېردى. بۇ ئۆيىنىڭ تېمىغا بىتمام يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىرلە زىلەيخانى بىر - بىرى بىلەن ئوينۇشۇپ، بىر- بىرىنى سۆيۈشۇپ، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، بىر- بىرىنى چىشلىشىپ تۇرغان سۆرەتلەرنى قىلىپ تامنىڭ بىكار يېرىنى قويماي، ئۆيىنى ناھايىتى چىرايلىق ياساپ، كارۋات-ياستۇقلارنى قويۇپ زىلەيخانى ئۆيگە كىرگۈزدى. ئەمدى يۇسۇفنى چاقىرغىن،- دىدى ئاقىل خاتۇن.

زىلەيخا ئۇشبۇ ئۆيىنى كۆرۈپ، مۇرادىم ھاسىل بولار ئىكەن دەپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ توزدەك ياسىنىپ، كارۋاتنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چاقىردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەن زامان ئاقىل خاتۇن ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىپ، ئاچقۇچىنى يېنىغا سېلىپ كەتتى. زىلەيخا كارۋاتنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ: ئەي يۇسۇف، ئەمدى ماڭا بىر نەزەر سال!- دىدى. يۇسۇف ئۇنىڭغا قارىمىدى. تامغا قاراپ بەتامام سۆرەتلەرنى كۆرۈپ يەرگە قارىدى، ئاندىن بىچارە بولۇپ زىلەيخاغا قارىدى. كۆرسە، زىلەيخا ناھايىتى ساھىبجامال ياسىنىپدۇر.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:

— ئەي زىلەيخا، بۇلارغا قارىما. بۇلاردا ۋاپا يوقتۇر، بۇ ئەفسانە ئىشدۇ، — دىدى.

زىلەيخا ئەمدى:

ئەي يۇسۇف، كۆزۈڭ بىلەن ئىككىلىپ قارايدىغان ۋاقىت بار ئىكەن، سېنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ بەيتۇل ئەرەم ئۆيىنى بىنا قىلدىم. ئەمدى ئانداغ قىلماغىل. ماڭا رەھىم قىل!

يۇسۇفنىڭ زىلەيخاغا قاراپ، بۇ سۆرەتلەرگە قاراپ كۆڭلى تۇشتى. ئۇ، «ئەئۇزۇبىللا» ئوقۇدى.

زىلەيخا ئەيدى:

— يۇسۇف، سېنىڭ كۆڭلۈڭ بۇ سۈرەتلەرچە يوق
ئىكەن. كەل، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالغىل!
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— شاھى رىيان مېنى ئوغلۇم دېمەدىمۇ؟ ئوغۇل
ئانىسىغا نېچۈك قول سۇنادۇر؟ مەگەر ئانىسىغا، قول سۇنـ
سا، خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنى يۈزى قارا بولمامدۇ؟
زىلەيخا:
— ئانداغ بولسا مېنىڭ تۈشۈمگە نېچۈك كىردىڭ؟
مېنى دېسەڭ مىسىر شەھرىگە بارغىل، دېدىڭ، مەن سېنى
ئالۇرمەن، دەپ ئېدىڭ. ھالا ئەمدى نىمە يۈز قايتۇرۇسەن،—
دېدى.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
ئاگا بىر نەچچە ۋاقىت باردۇر، سەبرى قىل،—دې
دىلەر.
زىلەيخا ئەيدى:
— ماگا قولۇڭنى سۇنغىل!
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
پەيغەمبەر زادىلەر بۇ ئىشنى قىلمايدۇر، مەن ھەم
بۇ ئىشنى قىلماسمەن. ئاتا-ئانام ماگا كىشىنىڭ تۈزىنى يەپ،
ھەققىغە خىيانەت، قىلما. ئول خۇدا ھازىردۇر دەپ نىسى
ھەت قىلغان، بۇ ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسمەن!
زىلەيخا ئەيدى:
— مەن سېنىڭ يولۇڭدا بىر نەچچە ماللارنى فىدا
قىلاي، خۇدا سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەر. ئەمدى مەقسىدىمنى

ھاسىل قىل!
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام:
— سېنىڭ مۇرادىڭنى شاھ رىيان ھاسىل قىلسۇن!—
دېدى.
زىلەيخانىڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ، سۆزۈمگە كىرمە-
سەڭ ئۆزۈمنى ھالاك قىلۇرمەن، دەپ تۇرغىنىغا لايىق،
ساھىپ شائىرنىڭ قىرىق ئۈچىنچى مەجلىسدە يازغان مۇخەم-
مەسلەرى:

يوقتۇر مېنىڭ قارارىم كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم،
قالمىدى ئىختىيارىم كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم،
يەتمىدى ئاھۇ-زارىم كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم،
كۆڭلۈمدەدۇر غۇبارىم كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم،
سەن سۆيۈملۈك يارىم سەن كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

چۈن خىزىرى كەلدى ئارمان مەن مۇرادىغا بېرىپ جان،
ئىشقىڭ غېمىدە گىريان باغرىم ئارا تولا قان،
كىرفىكلەرىڭ غېمىدىن كۆكرىگىمگە قادالغان،
ساڭا كېرەكمۇ ئەي جان بۇ تەندىكى ئېزىز جان،
ئالساڭ يوق ئېردى ئارمان كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

ئەي دىلبىرىم ئارىغ زات ھاسىل مۇرادى ھەيھات،
ماڭا يېزىلدى ئازات قىسمەت كۈنىدە مەررات،
ئەمدى قولۇمغا كەلدىڭ مەندىن شېكەر ئېلىنىڭ پات،
ساقلاپ تۇرارغا يوقتۇر ئەمدى مېنى قىلىڭ شات،
تاشلار بۇگۈن ئۇيالىڭ كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

كۆكرەگىمنى يارارغا قىلدىڭ ئۆزەڭنى خەنجەر،
خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلەرمەن ھېچ بىلمىدىڭمۇ دىلبەر،
ئالەمگە كېلەرمۇ سەندەك جامالى پەيكەر،
ئىلكىمدە چارە يوقتۇر بولغىل ماڭا مۇيەسسەر،
كۆپ قىلما ئەمدى مەزتىر كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

يولۇڭدا مەن تۆكەرمەن بەدەندىن قەترە قانىم،
باسقان ئىزىڭغا ئەي جان بولسۇن فىدايى جانىم،
مىزگان ئوقىن ئاتارسەن دەمدەم ئېرۇر كامالىم،
ھالىم ئۆزۈڭ بىلۇرسەن يوقتۇر مېنىڭ ئارمانىم،
قالمىدى ئەسلى ھالىم كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

ھەر كۈنىسرى جېنىمغا تۈرلۈك جاپا قىلۇرسەن،
بۇ ھالىمنى بىلۇرسەن نىگە ئىيبا ① قىلۇرسەن،

ئاھىم ئوتىغا بىر كۈن مەن كەبى ھەم كېلۇرسەن،
ئاغزىڭ ئاچىپ ئۇشۇل دەم ئاياغىمغە كېلۇرسەن،
سەن ئەمدى نە قىلۇرسەن كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

ئابدۇلا سەن يازارسەن دەردى غېمى زىلەيخا،
ھەرگىز قۇرۇپ قالمىغاي كۆزى نېمى زىلەيخا،
يۇسۇفدىن ئۆزگە بولماس زەررەدىمى زىلەيخا،
يۇسۇفدىن ئۆزگەلەردىن يوقتۇر كىمى زىلەيخا،
يۇسۇفكەدۇر زىلەيخا كەل ھاسىل ئەت مۇرادىم.

① ئىيبا - خىلاپلىق قىلىش.

ئەلقىسسە: زىلەيخا قىچىقىنى بويىنغا قويۇپ، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلمىساڭ قانىمنى تۆكەي دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەككە يېقىن بولدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلدىكى زىلەيخا ئۆزىنى ھالاك قىلادۇر، مەھال كېلىپ پىچاقنى قولىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ئەيدىكى: ئەي زىلەيخا، سەبرى قىل، شەيتان قاچسۇن، دۆلەت ئىشىگى ئېچىلسۇن. مۇرادىڭ مەندە بولسا ئاخىرى خۇدايى تائالا مۇرادىڭنى ھاسىل قىلۇر!

زىلەيخا ئاندا سەبرى قىلدى. يۈسۈف يەنە زىلەيخاغا قاراپ، زىلەيخانىڭ جامالىنى كۆرۈپ، زىلەيخانىڭ باشىدىن ئاياغىغىچە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ زىبالىقىغا تەئەججۇپلەندى.

ساھىپ شائىرنىڭ ئۇشبۇ مەجلىسدە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يانىدە زىلەيخانى ماختاپ، قىرىق تۆرتىنچى ئەبياتنى يازغىنى:

يۈسۈف كۆردى زىلەيخانىڭ سىياقىنى،
لالە كەبى ئىككى يۈزى ياڭاقىنى،
قارا قاشى، قارا كۆزى ئاراسىدا،
بادام كەبى ئىككى ئۇنىڭ قاپاقىنى.

خىزمەت قىلۇر كۆرسە ئاڭا ھۆر پەرى،
ئۈمىد ئولدۇر يۈسۈف ئۇنىڭ بولسا ئېرى،
نۇقسانى يوق كۆرسە ئۇنى دىۋە پېرى،
نەرى مىسال ئاۋازىنىڭ سىياقىنى.

قاشى قېرزاپ دىسەم ئەگەر نەسخىدە يوق،
چاچى ئۇنىڭ كۆرەر بولساڭ ھېچكىمدە يوق،
يۈسۈپ كەبى زىبا يىگىت ئالەمدە يوق،
سەجدە قىلۇر كۆرسە ھەركىم سىياقىنى.

قەددى ئېرۇر زىلەيخانىڭ لەرزان ئىدى،
ئەلگە قىممەت يۈسۈفكە بۇ ئەرزان ئىدى،
كۆرسە ھەركىم يۈرەك باغرى سوزان ئىدى،
سۈرمە قىلۇر قىزلار ئۇنىڭ سىياقىنى.

ئەينى ھۆسىن ئەينى سۈرەت ئاي جامالى،
چىراپلىقتا زىلەيخادەك يوق كامالى،
قانچە يازسام تۈگۈمەيدۇر زىلەيخانى،
ئېيتۇر ئېردىم ۋەزنى ئۇنىڭ سىياقىنى.

يۈسۈف ئەمدى زىلەيخاغە مايىل بولدى،
زىلەيخا ھەم قايىل بولۇپ يېقىن كەلدى،
ئىككىلىسى بىر-بىرىگە نەزەر سالدى،
كۆرۈڭ ئەمدى زىلەيخانىڭ مۇشتاقىنى.

ئابدۇللا ھەم بۇ يوللارغا دىۋانەدۇر،
زاھىرى كۆپ باتىنى ھەم ۋەيرانەدۇر،
يۈسۈف بىلەن زىلەيخاغە بىگانەدۇر،
خۇدا بەرسۇن ھەر كىشىنىڭ مۇرادىنى.

ئەلقىسسە: ئۇشبۇ نەزمىنى ئاڭلاپ زىلەيخا كېلىپ

ناز كەرەشمە بىرلە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەم قىزنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلماق ئۈچۈن كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. شول زامان غايىپ-دىن بىر ئاۋاز كەلدى: ئەي يۇسۇف، ئۆزۈڭنى ساقلا. ساڭا بۇ ئىشلار راۋا ئەمەس! يۇسۇف بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قۇلاق تۇتمىدى، يەنە بىر ئاۋاز كەلدى، ھەزرىتى يەئقۇب پەي-غەمبەر كۆزىگە كۆرۈندى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنى كۆرۈپ بىھۇش بولدى، يەنە ھۇشىغا كېلىپ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم! دەپ قاچتىلەر. قۇلۇپلار ئېچىلىپ كەتتى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قاچتى. زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تۇتۇپ تارتتى. يۇسۇفنىڭ ياقىسى يىرتىل-دى، ئۇ، بۇ ئەھۋال بىلە تاشقىرى چىقتى، ئېزىز مىسىرى مالىك رىيان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ۋەزىر، ئەمىرا، ئەشرەف-لەر بىرلە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئېردى، بۇ ئەھۋالغا كۆزى تۇشتى. زىلەيخاغە ئەيدى: بۇ نىچۈك ئەھۋال؟ زى-لەيخا ئەيدى: بۇ قۇلۇڭ ماڭا ئويۇن قىلىپ ئولتۇرغىلى قويمىدى. بۇ قۇلنى ئۆلۈمگە ئەمىر قىل. بولمىسا سەندىن سوراقسىز ئۆز دىياردىمغا كېتەرمەن! ئېزىز مىسىرنىڭ غەزىپى كېلىپ جاللادلارنى چاقىرىپ ئەمىر قىلدى: بۇ قۇلنى تۇتۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلۈگىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سورۇڭلار!

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشنى ئاۋال تەھقىقلاپ ئاندىن مېنى ئۆلتۈرۈڭ! مېنى ناھەق ئۆلتۈرسىڭىز قىيامەتدە ئازاپقا گىرىپتار بولۇرسىز، ئەقلى بار كىشى بۇ ئىشنى قىل-

ماس!ـــ دىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ساھىب شائىر ئىبنىز مىسىردىغا قاراپ قىرىق بەشىنچى مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئىلاھا زاتى پاكىڭدىن قۇلۇڭنى مۇنچە كەم قىلما،
كىشىنىڭ بەندىسى قىلدىڭ يەنە ئارتۇق ستەم قىلما،
غېرىپ قىلدىڭ يېتەر ئەمدى يەنە دەردى ئەلەم قىلما،
مېنى بىچارە بەندەڭنى يۈرەكىن پۇر ئەلەم قىلما،
تىلەرمەن شەرمساز ئىككى ئالەم جەرم قىلما.

بۇ ئالەم ھەم ئۇ ئالەمدە ماڭا سەندەك پانا يوقتۇر،
جاھاندا مەن كەبى مۇڭلۇق مۇساپىر بىناۋا يوقتۇر،
گىرىفتارى بالادۇر مەن ئاڭا ھەرگىز داۋا يوقتۇر،
خۇدايا سەن بىلۇرسەن ئۇشبۇ ئىشدا مۇددىئا يوقتۇر،
يېتىملىكىم يېتەر ئەمدى زىيادە دەردى غەم قىلما.

رەسۇلىڭدۇر بابام ئىسھاق ئاتام يەئقۇب نەبى بەرھەق،
مېنى ئەمدى سالامەت قىل ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئەلھەق،
بۇنۇڭدەك نا راۋا ئىشنى قىلۇر ئىرمىش قابا ئەخمەق،
خۇدايا بۇ بالالاردىن يىراق ئەتكىل مېنى مۇتلەق،
مېنى ئىسيان ئارا بولغان كۆزۈمنى مۇنچە نەم قىلما.

ئۆزۈڭ ئاگاھ بۇ ھالىمدىن غېرىبى بىناۋادۇرمەن،
غېرىپلىقتا يەنە مۇنداغ بالاغا مۇپتالا دۇرمەن،
سالامەت قىلمساڭ ئەمدى مالامەتدە ئۆلەدۇرمەن،
بالاغا سەبر ئەيلەپ مەن قازالارغا رىزادۇرمەن،

غەزەپ ئەيلەپ مېنى مىسىر ئەھلى ئىچرە مۇلتەزىم قىلما.

تىلەپ فەيىز فوتۇھ ئابدۇللا ئۇلارنىڭ سۆزىنى سۆزلەر،
خالايىقلار ئاراسىدە ھېمىشە ياخشىلىق كۆزلەر،
ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسا قەترى رەھمەت كۆزلەر،
سىنىڭ ئانداغ ھەبىبىڭ ئول مۇھەممەد ئۈممىتى بىزلەر،
ئۇلارنىڭ ھەققىدە لۇتفى ئىتىبان بىزلەرنى كەم قىلما.

ئەلقىسسە: ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دىلىدە خۇ-
دايى تائالاغە زار يىغلاپ نالە قىلدى. ئاللا تائالا ئىزىز
مىسىرى كۆڭلىگە تەۋپىق ھىدايەت بەردى. مالىك رىيان
كۆڭلى يۇمشاپ سوراق سورىدىكى:
— ئەي يۇسۇف، گۇۋاھىڭ بارمۇ؟
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
— ئەلبەتتە گۇۋاھىم باردۇر. ئۇ — ئۇشبۇ يېنىڭىزدا
ئولتۇرغان ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزنىڭ تۆت ئايلىق بۆشۈكتىكى
ئوغلى. ئەگەر ئۇشبۇ بالا گۇۋاھلىق بېرەلمىسە، مېنىڭ يۈ-
زۈم قارا بولسۇن! — دىدى.
ۋەزىرلەر دەرھال بۆشۈكتىكى بالىنى ئېلىپ
چىقتى.
پادىشاھى رىيان مالىك ئىزىز مىسىرى ئول بالىدىن
جاۋاپ سورىدى. خۇدايى تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىجازاتى
ئۈچۈن بالىغا تىل ئاتا قىلدى. بۇ تۆت ئايلىق ئوغۇل ئان-
داغ جاۋاپ بەردى:
— ئەي پادىشاھى رىيان، گۇناھ سىنىڭ خاتۇنىڭدا.
شۇنىڭ ئۈچۈن زىلەيخانىڭ ئىككى تىشى سۇندى، يۇسۇفنىڭ

ياقىسى سۆكۈلدى، كۆيىنگىنىڭ ئارقىسى يىرتىلدى...

رىۋايەتتە مالىك رىيان پادىشالىق سۈپىتى بىرلە تۆت ئايلىق ئوغۇلنىڭ گۇۋالىق بەرگىنىگە ئەجەپلىنىپ: گۇناھ مېنىڭ خاتۇنۇمدا بولۇپ، يۈسۈف ئوغلۇمدا گۇناھ يوق ئىكەن، دەپ ئادالەت قىلدى دەپتۇرلەر.

ۋاللەل ئەلەم شول ئەسنادا ساھىپ شائىرنىڭ بالىنىڭ سۆزلەپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك بولغىنىغا، شاھ رىيانىڭ ئادالەت قىلغىنىغا، زىلەيخانىڭ ئىزا تارتقىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ ئۇشبۇ قىرىق ئالتىنچى مەجلىسدە ئەبيات ئوقۇپ ھافىزلىق قىلغانى

گۆھەر ھەببى بىر ئاھ ئەيلەدى،
مىسىر ئېزىزى ئىزاھ ئەيلەدى،
جۈملە ۋەزىرلەر فەرياد ئەيلەدى،
تەڭرىم مېنى ھازىر گۇۋاھ ئەيلەدى.

تۆھمەت بىلە يۈسۈفنى شىكايەتلىمە،
بىھۇدە سۆزلەر بىلەن رىۋايەتلىمە،
كۆزلۈك بىلە كۆرمەسدىن خىيانەتلىمە،
زىلەيخانى ئىگىسى سىيا ئەيلەدى.

ئەيلەڭ ھەزەر پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ كۆزلەرنىڭ نەمناكىدىن،
كىم ئېيتادۇر ۋەلىلەرنىڭ ھەم پاكىدىن،
دېمەڭ ئۇنى ھەرگىز گۇناھ ئەيلەدى.

تىشى سۇندى گۇناھ زىلەيخادەدۇر،
ئەۋۋەل ـ ئاخىر گۇناھ زىلەيخادەدۇر،
مىكرى ـ ھىلە بارچە زىلەيخادەدۇر،
ماڭا تىلنى خالىق ئاللا ئەيلەدى.

ئابدۇللا سەن زىلەيخانى سۆزلىمە،
زىلەيخاغە ئەيىپ ـ نۇقسان ئىزلىمە،
ھىچ كىشىغە زىيان زەخمەت كۆزلىمە،
شائىرلىقنى ئىگەم زابان ئەيلەدى.

ئەلقىسسە: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ شاھادىتى بىرلە پاك بولۇپ ئەۋۋەلقىدەك ئىززەت ئىكرامىغا يېتىشتى. زىلەيخا ئۆيدىن چىقالماي بىرنەچچە كۈن خاتۇنلارغا قوشۇلمىدى. مىسىر شەھىرىنىڭ خاتۇنلىرى مالامەت قىلىشتىلەركى: زىلەيـ ـخانىڭ ئەقلى كوتا بولمىسا باشقا كىشى يوقمۇ؟ ئۆزىنىڭ قۇلى بىرلەن ئاۋاز كۆتەردى دەپ.

زىلەيخا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مىسىر شەھىرىنىڭ خاتۇنلىرىنى قىچقىرىپ زىياپەت قىلىپ، ئالدىلىرىغا نازۇ ـ نېئمەت، شىرىن شەربەتلەرنى قويدى، ھەر خاتۇننىڭ ئالدىغا بىر تەخسىدىن گۆش كەلتۈرۈپ، قولىغا بىردىن پىچاق بېرىپ، گۆشنى توغراڭلار! دەپ ئەمىر قىلدى. شول ۋاقىت يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قىچقىردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. خاتۇنلار ئۇنى كۆرۈپ ھۇشىدىن كېتىپ، گۆشنى كېسىمىز دەپ ھەممىسى قوللىرىنى كەستى. ئۇلارنىڭ قوللىرى بويالدى، پىچاقنىڭ زەھمىنى بىلمىدى. زىلەيخا ئىشارەت قىلدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

چىقىپ كەتتى. زىلەيخا مەست بولغان خاتۇنلارغا گۇلاب چاچتى. زىلەيخا ئەيدى، ئەي جۇۋانلار نىمە كۆردىڭىزلەر؟ ھەممىڭىزلەر بىھوش بولۇپ ياتتىڭىزلەر. گۆشنى كېسىمىز دەپ قولىڭىزلارنى كېسىپ ئەتتىڭىزلەر. سىزلەر بىر كۆرمەك بىلە مۇنداق بولدىڭىزلەر، مەن ھېمىشە ئالدىمدا يۈرسە نىچۈك تاقەت قىلۇرمەن، ـــ دەپ ھەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ يىغلىدى.

ئۇشبۇ خاتۇنلەر مەجلىسىندە زىلەيخانىڭ ھالىغە يېتىپ شائىرنىڭ قىرىق يەتتىنچى مۇخەممەسنى يازغىنى:

بۇگۈن شەرھى دىلىم ئېيتاي جۇۋانلار ئاڭلىسا دەرمەن،
بۇ جانىمنى قىلاي سەۋدا خاتۇنلەر تىڭلىسا دەرمەن،
مۇرادىم ھەم كېچە ـ كۈندۈز سۆزۈمنى ئاڭلىسا دەرمەن،
كۆرۈنمەس كۆزىمە ھىچكىم دىلىمنى خوشلىسا دەرمەن،
ئۇنىڭدەك ئاشىقىم بولسا باشىدىن ئۆرگىلەي دەرمەن.

تېنىم چوغدەك يېنىپدۇر، بىلىسڭىزلەر غار پەيكارمەن،
مەگەر ئىشق ئوتىغە كۆيدۇم كۆيۈپ مىسلى سەمەندەرمەن،
سىرىم پىنھان ئېيتەلمەيمەن ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىرمەن،
بولۇر ھۆسنى جامالىغا مەگەر ياخشى گىرىپتارمەن،
بۇنىڭدەك نازىنىن يارغا بۇ جانىمنى بېرەي دەرمەن.

ئايا دوستلار كۆرەر بولساڭ نەچچە يىلدۇر مېنىڭ جانىم،
غېمى يۈسۈف بىلەن ئۆتتى كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئەھۋالىم،
كۆرۈڭ بەختىم قارا بولدى ئىشىتمەيدۇر مېنىڭ نالىم،

كېچىلمايدۇر مېنىڭ كۆلۈم كېيىن قالدى كى ئىقبالىم،
كېزىپ جۇملە جاھانىمنى بېشىدىن ئۆرگىلەي دەرمەن.

يۈز ئالۋان تىل بىلەن يۇسۇفنى دەرمەن ئەلگە سوزانىم،
گاھى بۇلبۇل فىغان ئەيلەپ گاھى جەۋلان، گاھى مالىم،
قاچان يەتكۈم ۋىسالىغا دىدىم كۆڭلى پەرىشانىم،
يوشۇرۇپ بولمىدى ھەر بىر كىشىدىن سىر پىنھانىم،
كۆرۈڭ ئەمدى مېنى ئەل ئاغزىدا سۆزلەپ قالاي دەرمەن.

بۇنىڭ دەردى غېمى دەرتلىك كۆڭۈلگە ئانچە دەرماندۇر،
نىچۈك مەن كۆيمەن بىر مەررە كۆرگەنلەر پەرىشاندۇر،
ئۇنىڭ ھەسرەت غېمى ئۇشبۇ كۆڭۈل ئۆيىدە مېھماندۇر،
ئۇنى يارىم دىسەم بەلكى تېنىمدە بىر ئېزىز جاندۇر،
ماڭا ئارام تېپىلماس يولىدا باشىم بېرەي دەرمەن.

كەل ئەي ئابدۇللا سۆزلە بۇ زىلەيخا ھەر زامان يىغلار،
يۇسۇف بىچارىنىڭ غۇربەت ئوتىدا كۆكسى قان يىغلار،
كۆرۈنمەس كۆزىگە ياخشى ـ يامانۇ قىز ـ جۇۋان يىغلار،
ئىلاجى يوق ئاداشىپ باش ئېلىپ چىقسا بايان يىغلار،
قوبۇل ئەتمەس نەچچە يىلدۇر ئاڭا سەبرى قىلاي دەرمەن.

ئەلقىسسە: خاتۇنلەر زىلەيخادىن بۇ مۇخەممەسنى ئاڭلاپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي يۇسۇف، زىلەيخاغە نىمە مۇنچە جەبرى قىلىسەن؟ مەگەر زىلەيخانى ياراتمىساڭ ئۇشبۇ خاتۇنلەردىن

قايسىمىزنى خالايسەن؟ بىرسىمىزنى خالىغىن! — دەپ ئۆز نەپسىگە تەقەززا قىلدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەيدىكى:

— ئەي جۇۋانلار! بىر خاتۇندىن قۇتۇلالماي بەش يۈز زىلەيخاغە يولۇقتۇم. پەرىزاتلارنىڭ ئالدى خۇش - خۇي شىرىن سۆزلۈك زىلەيخادۇر. ئەلبەتتە ھەممىڭلاردىن زىلەيخا ماڭا ئارتۇقتۇر. پۇل - مېلىنى مېنىڭ يولۇمدا سەرپ قىلىپ جانىنى ھەم ئايىماي تۇرسا زىلەيخاغە قارىمىدىم، سىزلەرگە نىچۈك باقارمەن. سىزلەر مۇنداق سۆزلەرنى مەندىن ئۈمىد قىلماڭلار!

ئۇ مۇنداق دەپ بۇ خاتۇنلەرغە قاراپ تۇرغاندا، شا- ئىرنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خېرىدارلىقتا قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ بۇ ئەبياتنى يازغىنى:

تازىنىنلار مېنى تاما ئەيلەمەڭ،
كۆپايەدۇر كۆردىڭىزلەر جامالىم.
لايىق ئەمەس ئېشنى تاما ئەيلەمەڭ،
رازى بولاي ھەق ئەيلەسۇن ھىلالىم.

كەنئان باغى بۇلبۇلىمەن جۇۋانلار،
گۈلستانلار بۇلبۇلىمەن جۇۋانلار،
ئىبنى يەمەن ھەم نارجان سىڭىللار،
يىراق تۈشتى ئول يەرلەردىن مەھالىم.

ئۆتكەن بابام ئىبراھىمدۇر ھەم ئىسھاق،
ھازىر ئاتام يەئقۇپ نەبى مەشھۇرراق،

ئانداغ ئىردى جامالىمغا ئۇل مۇشتاق،
ئىسمائىلدۇر ئەسلى زاتىم كامالىم.

ئەي جۇۋانلار بۇ سۆزلۈكلار زىيادە،
ئىشق ئوتىدا زۇلەيخادۇر پىيادە،
ئەزەل كۈندە قىسمەت بولدى ئىرادە،
ئۇشبۇ ئىرۇر مېنىڭ پىكرى خىيالىم.

ھەم ئارزۇ قىلماك مېنى بىلسىڭىز،
پەيغەمبەردۇر ماڭا بەيئەت ① قىلسىڭىز،
ماڭا تەقدىر زۇلەيخادۇر بىلسىڭىز،
باردۇر ئاڭا تولا سەبرى قارارىم.

مەندە تولا ھىجران داغى فىراقى،
ئىردىم كەنئان گۈلىستانلار پۇتاغى،
زۇلەيخانىڭ دەردى تولا پىراغى،
ھۆكمى قىلدى ئۇل قادىرى جىلالىم

مەندىن سىزگە نېسىھەتتۇر بىلىڭلار،
بۇ سۆزلەرگە ياخشى قۇلاق سېلىڭلار،
زۇلەيخانى بەلكى پەرى بىلىڭلار،
سىزگە يەتمەس مېنىڭ ئابى زىلالىم.

ئەي جۇۋانلار كۆپتۇر مېنىڭ پىراقىم،
نەچچە يىلدۇر بەند زىندان ياراقىم،

① بەيئەت ـ ئىتائەت قىلىش

ئەگەر بىر كۈن زىلەيخانى ئالاقىم،
ئۆزگە بىرلە يۈقتۇر مېنىڭ خىيالىم.

ئەي جۇۋانلار نەزم ئەيلەدى ئابدۇللا،
زىلەيخانى يۈسۈپ قىلۇر بىناگاھ،
ئاشىق قىلدى ھەر ئىش قىلدى ئول خۇدا،
ئەزەل كۈندە خۇدا قىلغاي ھىلالىم.

ئەلقىسسە: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ جۇۋانلارغا بۇ بېيىتنى ئوقۇپ نەزەر سالمىدى. ئاندىن كېيىن، بۇ خاتۇنلار مەجلىسدىن تارقاپ چىقىپ ھەممىسى مالامەت قىلىشتىلەر. بۇ خەبەر پۈتۈن مىسىر شەھرىگە ئىشىتىلدى. ئاخىرى بۇ سۆزلەر يەنە مالىك رىياننىڭ قۇلىغىغا يەتتى. مالىك رىيان: بۇ سۆزلەرنى يۈسۈپ پەيدا قىلدى. بولمىسا بۇ ئادەملەر مۇنداق مالامەتنى نەدىن بىلۇر؟ دەپ يۈسۈپنى زىندانغا سېلىشقا ئەمىر قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى غەزىۋى زاھىر بولمىسمۇ، نومۇسى پىنھان ئۈچۈن ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ فاتىھە ئوقۇپ زىندانغا كىردى. خۇدايى تائالا ئۆز قۇدرىتى بىرلەن بۇ زىندانغا بىر دەرەخ بىنا قىلدى. ئول دەرەخنىڭ بىر تەرىپىدىن ماي، بىر تەرىپىدىن سۈت چىقار ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ نازۇ-نېئمەتلەرنى يەپ، شىرىن شەربەتلەرنى ئىچىپ، تاھارەت ئېلىپ خۇدايى تائالاغا ھەمدۇ سەنا، شۈكرى بىجا كەلتۈرۈپ تائەت-ئىبادەت قىلدى، زىلەيخانىڭ مىكرىدىن ھەم قۇتۇلدى. زىندان ئىگىلىرى بۇ

كارامەتنى كۆرۈپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئازادە يەرگە ئول-تۇرغۇزۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدە تۇردى.
ئەل پەسلى سۆزنى يەنە زىلەيخادىن ئىشىتمەك كېرەك:
زىلەيخانىڭ ئەھۋالى خاراپ بولدى. ئۇنىڭ پىكرى-خىيالى كېچە ۋە كۈندۈز يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدا ئىدى.
«يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق،
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.»
دەپ زىلەيخا يۈسۈفنى كۆرمەك بولۇپ زىندانغا بارماقنى خىيال قىلدى. ئۇ، مېنىڭ بارغىنىمنى كىشى بىلمىسۇن، دەپ، ما-لىك رەييانىنىڭ تونىنى كىيىپ، قىلىچىنى بوينىغا ئېسىپ شاھانە سۈرەتتە بولۇپ زىندانغا كەلدىلەر. زىندانىلار كۆر-دىكى، پادىشا كېلىپتۇ. زىلەيخا بۇلارغا دەبدەبە قىلدى، يۈسۈفنى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن كۆرەي، دىدى. زىندانىلار يۈسۈفنى ئېلىپ چىقتى. زىلەيخا ئۇنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارام تېپىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئاز كۈن سەبرى قىلدى. يەنە زىندانىلارنى چاقىرتىپ:
— يۈسۈفنى سىزلەر ئۇرۇڭلار! مەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارام تاپاي. سىزلەرگە بىر تەڭگىدىن پۇل بېرۇرمەن، — دىدى.
زىندانىلار:
— قانداق ئەخمەق خاتۇن بۇ، يۈسۈفنى بىگۇنا نې-چۈك ئۇرىمىز؟ ئۇ ئەلبەتتە پەيغەمبەر ئەۋلادى بولسا كې-رەك، — دىدىلەر.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىندانىلاردىن سورىدى:

— بۇ نىچۈك مەسلىھەت؟
زىندانىلار ئەيدى:
— زىلەيخا، يۇسۇفنى ئۇرۇڭلار، مەن ئاۋازىنى ئاڭلاي. سىزلەرگە بىر تەڭگىدىن پۇل بېرەي، دەۋاتىدۇ، بىز نىچۈك سىزنى ئۇرىمىز، — دىدىلەر.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:
— زىندانىنىڭ تېمىنى ئۇرۇڭلار! مەن ۋاقىراي، زىلەيخا ئاڭلىسۇن. سىزلەر بىر تەڭگىدىن پۇل ئېلىڭلار! — دىدى.
زىندانىلار تامنى ئۇردى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام: ئاللا- ئاللا سۇبھان ئاللا! دىدى. زىلەيخا ئىشىتىپ: هاي-هاي ئۇرماڭلار. مەن سىزلەرگە بىر تەڭگىدىن پۇل بېرەي دەپ قىرىق كىشىگە قىرىق تەڭگە بەردى.
زىلەيخا يۇسۇفنى سۆزگە كىرگۈزەلمىدىم، ئەمدى خۇداغا يەغلاي، دەپ تۇرغىنىدا، ساھىپ شائىر ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا يالۋۇرۇپ، قىرىق توققۇزىنچى مەجلىسدە ئۇشبۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي يۇسۇفنىڭ خۇدايى ئەرزىم ساڭا يارىم بەر،
ئول غۇنچەئى رەيھانى ئول نۇرى ئانارىم بەر،
مەن شاخىدا بۇلبۇلى، ئول باغى باھارىم بەر،
ھەم قاشى قارا كۆزلۈك گۈل يۈزى خۇمارىم بەر،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

سورمىدى مېنىڭ ھالىم بىرنەچچە فىغان قىلدىم،
ئىشقىدا كۆيۈپ جانىم رەسۋايى جاھان قىلدىم،

ئۆمرۈمگە خازان بەرمەي كۆز ياشىمنى قان قىلدىم،
ئالمدىن بۇ كۆڭلۈمنى تەسەددۇق بۇ جان قىلدىم،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

يارەب مەن ئادا بولدۇم سەن مېنى خاراپ ئەتمە،
بۇ زەررە ۋۇجۇدۇمنى قەھرىلە ئازاپ ئەتمە،
كۆڭلۈمگە سىپلىپ ئوتنى باغرىمنى كاۋاپ ئەتمە،
ئەمدى ماڭا تاقەت يوق ئارتۇقچە ئازاپ ئەتمە،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

ھىجران غىمىدە ئەكسەر جانىمغا يېتىپ خەنجەر،
زەخمە ئەتتى ستەم بىرلە مىژگانى پەرى پەيكەر،
ھەردەم يۈزىنى كۆرسەم مىلڭ تۈرلى بالا ئۆرتەر،
ئىشقىدا ۋىسالىنى جانىمغا جاھان ئۆرتەر،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

ئەي ئالەم كۆللى ھال رىزىق ئەيلە قانائەتنى،
سالما ئۆزگە بەندەڭگە ئىشق ئەيلە ئالامەتنى،
يۈسۈفنى ماڭا كۆرسەت ئۆزمىگىل شاپائەتنى،
ئىشقىدا كۆتەر باشىم بىھۇدە مالامەتنى،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

ئول ئېردى ماڭا بەندە مەن ئەمدى ئاڭا بەندە،
ھەر چەندە بولاي بەندە ئول قىلدى مېنى گەندە،
جانىمغا ياقار ئوتنى ئول شۆئلەسى ئېرتەندە،

نه ماڭا ئېرۇر ئارام، نه سەبرى قارار مەندە،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

ھەردەم ساڭا يىغلارمەن ئەي خالىق، مەخلۇقات،
قىلدىڭ نىگە مەۋجۇدۇم ئەي خالىق مەۋجۇدات،
مەن ئاجىزى مۇڭلۇقتا بۇ ئەمدى نىچۇك ھالەت،
ئالدىىدا نى شەرمىم بار، ئارقامدا نىچۇك غەررات،
ياكى، ئال ئامانەتنى يا سەبرى قارارىم بەر.

ھەسرىتى زىلەيخانى ئابدۇللا بايان قىلدى،
باقىنى بىلىپ ھازىر پانىنى نىشان قىلدى،
ئىشق ئەھلى ئىشتىسۇن دەپ بىر نۇسخە ئايان قىلدى،
يۇسۇفنى زىلەيخانى ئىشقىدە ئامان قىلدى،
ياكى ئال ئامانەتنى، يا سەبرى قارارىم بەر.

ئەلقىسسە: زىلەيخا بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇپ بىر ئاز سەبرى قىلدى. ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام زىنداندا بولۇپ قالدى. ئويلىدىكى، قۇدۇقتا بىرنەچچە كۈن يېتىپ چىقتىم. بۇ يەرلەرگە كەلدىم. ئەمدى زىنداندىن قاچان چىقارمەن دەپ ھەم غېرىپ بولۇپ يىغلىدى.

يۇسۇفنىڭ بۇ زىنداندا بولۇپ قاچان قۇتۇلۇرمەن دەپ ئولتۇرغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، شائىر ئەللىكىنچى مەجلىسدە بۇ مۇناجات مۇخەممەسنى ئوقۇيدۇ:

خۇداۋەندە بۇ زىنداندىن چىقارغا راھى بولغايمۇ؟
ۋە ياكى يۇسۇپ ھېمىشە مۇپتىلاھى چاھى بولغايمۇ؟

ماڭا راھەت كېلىپ مېھنەتلەرىم كۈتاھى ① بولغايمۇ؟
ئىچىم زىنداق ئىچىندە تىنمايىن زەرداھى بولغايمۇ؟
مېنىڭ نالەشلىرىم دەرگاھىڭ دىل خاھى بولغايمۇ؟

قالىپ زىنداق مالامەتدە بابامدىن ھىچ خەبەر بولماس،
مېنىڭدەك سېتىلىپ ھىچكىمنىڭ ئوغلى دەربەدەر بولماس،
كىمەرسە ھىچ مېنىڭدەك قايغۇ بىرلە غەم ئەسەر بولماس،
ئاتام يەئقۇب نەبى بەرھەق بۇ زىنداندىن خەبەر بولماس،
مېنىڭدەك يول يوقاتقان بەندەئى گۇمراھى بولغايمۇ؟

چىكىپ زىنداق بالاسىنى تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
قۇتۇلسام دەپ كۆڭۈل ئېيتۇر ئۆزەمنىڭ قۇدرىتى يوقتۇر،
خۇدايا مۇنچە سەبىر ئېيتسام بىر گۇدرىتى ② يوقتۇر،
ئۆزۈڭ سالدىڭ مېنى مۇندا يامانلىق نىيىتىم يوقتۇر،
مېنىڭ نالەشلەرىم دەرگاھىڭغا دىل خاھى بولغايمۇ؟

كېشىدىن كۆرمىدىم ھەرگىز ئۆزۈڭ سالدىڭ بۇ ئىشلارنى،
ماڭا بەردىڭ بۇ زىنداندا تۈمەن-تۈرلۈك يەمىشلەرنى،
ئۆزۈڭ ئالىم، مېنىڭ ھالىم ساڭا مەئلۇم دىمىشلارنى،
كەچۈرسەم ئۇشبۇ زىنداندا باھارى يازۇ-قىشلارنى،
خۇدايا رەھمىتىڭدىنمەن قۇلۇڭ ئازادى بولغايمۇ؟

ئۆلۈم بىرلە جۇدا بولغان ئەگەر ئاسان ئىكەن بىلسەم،
تىرىكلىكتە جۇدا بولغان مۇشەققەتتۇر ئەگەر بىلسەم،
دۇئالارنى ئىجابەت قىل ئەگەر تۇپراق يۈزىن كۆرسەم،

① كۇتاھ — يېرىم - ياتا. ② گۇدرەت — چىگىش، گۇمان.

ئىچىمدە قالمىغاي ئارمان ئەگەر بىر يول يۈزىن كۆرسەم،
تۈشۈمدە ئۇشبۇ ھالىدىن بابام ئاگاھى بولغايمۇ؟

قېنى ئىبنى يەمەن كۆرسە يەنە ھەمشىرەئى يارجان،
ئۇلار قايداغ پاراغەتتە كى مەن مۇندا تېگى زىندان،
بۇلار دىدارىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم ئەجەپ ئارمان،
فىراقى ھىجرى ئوتى بىرلە مەگەر يۈسۈف بولۇر گىريان،
ۋۇجۇدۇم پارچەسى غەم بىرلە ئاتەش گاھى بولغايمۇ؟

ئايا ئابدۇللا سەن نەزم يازارغا كەلمىدى ئارىلىك،
گۇنا بىرلەن ئۆتۈپ كەتتى بۇ ئالەمدە سېنىڭ كارىڭ،
تەۋەككۇل قىل ئۆزى يارلىقاسۇن مەئبۇدە جاپپارىڭ،
ئوقۇلسا ھەر قەيۇ مەجلىسدە ئېيتقان ئۇشبۇ گۇفتارىڭ،
بىلەلمەم ئاڭلىغانلار ئول زامان دىلدارى بولغايمۇ؟

ئەلقىسسە: بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاللاتائالا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، شول سائەتتە جەبرائىلغا ئەمىر قىلدى: يا جەبرائىل دەرھال يۈسۈف سىددىقىمغا خەبەر يەتكۈر! ھەرگىز مالال بولمىسۇن، بىرنەچچە كۈن سەبىرى قىلسۇن. سىددىقىمنى دۆلەتكە يەتكۈزەرمەن، مىسىرغا سۇلتان قىلۇرمەن؛ جەمئى مىسىر خەلقىنى ئۇنىڭغا قۇل قىلۇرمەن؛ قېرىنداشلىرىنى كۆرسەتۈرمەن؛ يەنە پەيغەمبەر قىلۇرمەن؛ باتىنى زاھىر روشەن قىلۇرمەن، دەپ. جەبرائىل نىدا ئېلىپ كەلدى، ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللىرىغا ئىلھام كەلدى، دىللىرى روشەن بولدى. ئۇ زىندانىلارغا: مەن زىنداندىن چىققسام سىزلەرنى ئالمى-

غۇنچە چىقماسمەن، دەپ ۋەدە قىلدى. زىندانىلار: بىزلەر ھەم سىزدىن ئايرىلماسمىز، ئىنشائاللا! — دېيىشتى. راۋايەتتە ئول ۋاقىتتا زىنداندا تۆرت يۈز قىرىق كىشى بار ئېردى. ھەممەلەرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئىززەت قىلىپ خىزمەتلىرىدە بولدى، دەپتۈرلەر ۋاللاھ ئەلەم!

ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىگە كەنئانىنىڭ بۇيى كەلدى. ئاتىلىرى، ئىنىلىرى، سىڭىللىرى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ ھېچ خەبەر كەلمىدى دەپ، زىندانىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قاراپ ئولتۇرۇپ ئېردى، كۆردىكى،بىر تېيۋەدە ئادەم كېلەدۇر. يۈسۈف بۇ ئادەمنى كۆرۈپ جان-دىلى بىلەن سورىدى.

— سەن كىمسەن؟ كىم بولۇرسەن؟ قايدىن كېلۇرسەن؟ قايدا بارۇرسەن؟

ئول ئادەم ئەيدى:

— كارۋانمەن، كەنئاندىن سودىغا كەلدىم، كەنئانغا قايتىمەن!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھۇشىدىن كەتتى، يەنە ھۇشىغا كېلىپ كارۋانغا قاراپ ئېيتار سۆزنى تاپالماي قالدى.

شول ئەسنادا ساھىپ شائىر يۈسۈف ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ھەم كارۋان تەرىپىدىن ئامانلىق سوراپ ئەللىك بىرىنچى مەجلىسدە ئەبيات ئېيتۇر:

كارۋان سەندىن سورايىن ئەسلى يۇرتۇڭ كەنئانمۇ؟
مېنى بىھۇش قىلدىڭ سەن، ياخشىلارىڭ ئامانمۇ؟

سەندىن سوئال قىلايىن مەنزىلىڭنى بىلەيىن،
بىلگەنىمنى سورايىن يارۇ - دوستلار ئامانمۇ؟

كارۋان ئېيتۇر: ئەي جانىم قايدىن بىلدىڭ كەنئانىم،
ماڭا بەرگىل جاۋابىن كەنئانىلار يامانمۇ؟

يۈسۈف ئېيتۇر: كەنئانى يوقتۇر ئۇنىڭ يامانى،
ياخشى بىلۇر زىندانى ئەھلى يۇرتۇڭ ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: زىندانى، زىنداندا ھەيرانى،
ماڭا تۈشتى گۇمانى سەن ھەم مۇندا مىھمانمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: غېرىبمەن ئەجەپ مۇندا كېلىپمەن،
ئاندىن دۇئا تىلەرمەن پەيغەمبەرىڭ ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: ئاماندۇر پەيغەمبەرىم يەئقۇبدۇر،
دەردى ئۇنىڭ تولادۇر، ئول مەنزىلى ماكانمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: كەنئانى كۆرۈپ ئېردىم زامانى،
بىلەلمىدىم مەن ئۇنى يەئقۇب ئۆزى ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: ھەر نە سەن يەنە كىمنى سورايسەن،
بارچەسىنى بىلۇرسەن قېرىنلارمۇ، جۇۋانمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: ئەي ئاقىل ئەھلى نەبى ئىسرائىل،
پەيغەمبەرنى دىگىل سەن، ئوشۇل ئېزىز ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: كەنئاندا يەئقۇب پەيغەمبەرىم بار،
بىر دەرتكە گىرىپتارى، كېچە - كۈندۈز گىريانمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: ئەي سىردار نىچۈك ئۇنىڭ دەردى بار؟
قانداق دەرتكە گىرىفتار؟ كېچە - كۈندۈز يىغلارمۇ؟

كارۋان ئەيدى: ئۇياتىپ، يۈسۈف ئوغلىن يوقاتىپ،
بەيتۇل ھەزەندە ياتىپ باغرى قانى ئاقارمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: نە ئۈچۈن باغرىنى ئەيلەدى خۇن،
بىزلەر كۆرگەن ئوغلانى ھەممەلەرى ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: ھۇشارە ئون بىر ئوغلى تېخى بار،
ئۇلار بولمايدۇ دەركار يۈسۈف ئاڭا ئارمانمۇ؟

يىغلا - يىغلا بولدى كور يولىدا ئولتۇرۇپتۇر،
ئەقلى ھۇشى كېتىپدۇر يۈرەك باغرى ئاقارمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى كارۋانغا: سالام بارچە ئوغلانغا،
مەندىن دىگىل ئۇلارغا يەھۇدالار ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: ئەبىدى ئامان بارچە فەرزەندى،
يۈسۈف ئېردى دىل بەندى ئوت كۆكۈلدە قالغانمۇ؟

يۈسۈف ئەيدى: ئەي كىشى ئوغلانىنىڭ كەنجىسى،
يۈسۈف كەنجى ئىنىسى ئېبنى يەمەن ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: سەن كىمسەن يەئقۇبنى كۆپ سورايسەن،
مەگەر يەئقۇب يوقاتقان يۇسۇپ دېگەن ئوغلانمۇ؟

يۇسۇف ئاندا يىغلادى زىندانىلەر كۆتەردى،
كارۋان ھەم يىغلادى بارچەڭىزلەر ئامانمۇ؟

بىلسەڭ يۇسۇفتۇر ئاتىم، يەئقۇبدۇر ئەسلى زاتىم،
كۆڭلەر زىنداندا ياتتىم ئۇلار ئاندا ئامانمۇ؟

ئۆرتەدى داغى ھىجران ئۈستىگە قىلدى زىندان،
ھەردەم يىغلاپمەن ھەيران ئۇلار ئاندا ئامانمۇ؟

تاقىتىم يوق زىنداندا، نىتەي بىچارە بەندە،
بۇ ھال ئىلە مەن مۇندا، ئۇلار ئاندا ئامانمۇ؟

ئۇزاق جۇدالىق تۈشتى ئۇلار كۆڭلىگە تۈشتى،
يۇسۇفنى ھەم يوقاتقان يەئقۇب ئاتام ئامانمۇ؟

كارۋان ئەيدى: سۆزلەگىل كۆڭۈلدىكىنى ئەيغىل،
سەندىن بۇ تۆھپە بولسۇن ئېيتاي ئاڭا سالاممۇ؟

مەن خوپ كۆردۈم ئىناندىم بارچە سۆزۈڭگە قاندىم،
بارىپ ئاتاڭغا ئېيتسام بەلكى دۇئا قىلۇرمۇ؟

يۇسۇف ساڭا ئېيتۇرمەن، يولۇم يىراق كېتۇرمەن،
قىرىق كۈندە يېتەرمەن خېلى زامان ئۆتەرمۇ؟

خوشلاشتى كەتتى كارۋان قىردىق كۆنلۈك يولىغا،
ھېچ كىمەرسە زىنداندا يۇسۇف كەبى بولۇرمۇ؟

ئابدۇللا سەن يۇسۇفنى، يەئقۇبنى ياد ئەيلەدىڭ
تەلەپ قىلدىڭ دۇئانى، يا ئىلگىرى ئالغانمۇ؟

ئەلقىسسە: بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كارۋان يولىغا راۋان بولدى، نەچچە مەنزىل ـ مەراسىللارنى تەي قىلىپ كەنئانغا يەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىئەلەرنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغە ئېيتتىلەر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام: بۇ قافىلەدىن بىر ـ نەچچە كىشى كۆردۇم دەپ كەلدى، ئاقىبەت يالغان بول ـ دى، ــ دىدى. بۇ كارۋان ئەيدى: مەن مىسىرغا سودىغا بار ـ غان ئىدىم. سودامنى پۈتتۈرۈپ قايتىشىمدا كۆزۈم بىناگاھ زىندانغا چۈشتى. قاردىسام، بىر ئادەم زىندانىنىڭ ئۈستىدە مېنى قىچقىردى، فەرياد قىلدى. بۇ كىشى ئەلبەتتە مېنى تونىسا كېرەك، دەپ، زىندان يېنىغا باردىم، كۆرسەم، بىر زىبا يىگىت، قەددى ـ قامىتى بەتامام يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىغا ئوخشىدى. سىز كىم بولۇرسىز؟ــ دەپ سورىدىم. مەن كەنئانى، دىدى. سەن كىم بولۇرسەن؟ قايدىن كېلۇرسەن؟ قايدا بارۇرسەن؟ دىدى. مەن ھەم كەنئانى دەپ جاۋاپ بەردىم. ئەۋۋەل ئۆزلىرىنى سورىدى، ھەممە ئوغۇللىرىنى سو ـ رىدى، لېكىن ئىسمىنى ئېيتمىدى، سىرىنى يوشۇردى، ھەممە ئوغلانلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ سورىدى. مەن: ھەممەلەرى ئاماندۇر، لېكىن يۇسۇف دەپ بىر ئوغلى يوقۇلۇپ كەتتى. نەچچە يىل بولدى ئۇنىڭ ھېچ يەردە دېرىكى يوق.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇيدۇرغان كىتابى يۇسۇف ئىېردى. ئاللا تائالادىن خىتاب كېلىپ نىدا قىلدىـ كى: يۇسۇف دەپ تولا يىغلىمىسۇن، پەيغەمبەرلىكنى ئالۇرـ مەن، دەپ. بۇ نىدانى ئىشىتىپ ئۇنىڭ دەردى ئىچىدە قان بولۇپتۇر، دىدىم. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ زىندانىلار ھەممىسى باـ رابەر يىغلاشىپ زىندانىنى باشىغە كۆتەردىلەر. مەن: نىمە مۇنچە يىغلارسەن؟ يۇسۇف دىگەن ئوغلى سەنمۇ؟ — دىدىم. ئۇ، ئارى مەندۇرمەن، مۇنداغ بالاغا گىرىفتار بولدۇم، دەپ باشىغە كەلگەن سەۋدانى بايان قىلدى. يەنە ئەيدى: — ئەي كەنئانى، ئاتامغا سالام ئەيغىل، ماڭا دۇئا قىلسۇن! ئاتام دۇئا قىلسا ماڭا ھەر بەردە بالا كەلمەس. ئۈمىدىم ئولكى قادىردىم ئىنشائى ئاللا دىدار كۆرستۇر. بابام غەمكىن دىلىنى شاد ئەيلىسۇن! دەپ كارۋان ھەممە سۆزلەرىنى يەئقۇب ئەـ لەيھىسسالامغە بىر ـ بىر بايان قىلدى. ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيـ ھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بۇ كارۋان دىگەن سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، دىمىسەم بولۇر ئىكەن، دەپ بىرنەچچە ۋاقت تۇرۇپ قالدىلەر.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھۇشىغا كېلىپ دۇئاغا قول كۆتـ تىرىپ: — ئىلاھا يۇسۇف ئوغلۇمنىڭ خەبىرىنى ئاڭلىدىم، ساـ لامەت قىلغىل، ئۆزىنى ھەم كۆرەرمەن، — دىدى. شائىر، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بۇ مۇناجاتنى ئەللىك ئىكـ كىنچى مەجلىسدە ئوقىدى:

خۇداۋەندە بۇ زىنداندا يۇسۇفنى ئامان ساقلا،
خۇداۋەندە ساڭا كەلدىم يۇسۇفنى ئامان ساقلا،

ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق نەبى ھەققى،
بۇلارنى پەشۋا قىلدىم يۇسۇفنى ئامان ساقلا.
بۇنىڭدىن ئۆزگە چارەم يوق يۇسۇفنى ئامان ساقلا!

ئىلاھا ئەيلەگىل يۇسۇف بالامنى ماڭا سەن ۋاسىل،
ۋەگەرنە بۇ ئامانەتنىڭ مۇرادىنى قىلىپ ھاسىل،
رىزامەن بۇ بالالارغا مېنى سەن قىلمىغىل غاپىل،
ساڭا يۈز كەلتۈرۈپ ئىدىم مېنىڭ ئەرزىم قوبۇل ئەتكىل،
ئۇنى كۆرمەك ماڭا مۇشكۈل، ساڭا ئاسان ئامان ساقلا!

ئامان قىلغىل خۇداۋەندە ئەگەر مىسىردە زىنداندا،
ئەگەر ئاسماندا ھەم يەردە، ئەرەم باغىدا، بوستاندا،
راۋا كۆرمە جاپا قىلما ئەگەرچە بولسا ھەر ياندا،
مېنى مىسكىن قۇلۇڭنى قويماغىل بىسيار ئارماندا،
ئەزىز ھەرقايدادۇر يارەب پانا بەرگىل ئامان ساقلا!

دىلىم بولدى پىراقىدا ھېمىشە ئاھۇ ۋاۋەيلا،
كۆزۈمدىن ئۇچتىيۇ كەتتى قايان ئول يۇسۇف بەرنا؟
باباڭنىڭ كۆزلەرى كور بولدى ھەرگىز قىلمىدىڭ پەرۋا،
قىلىپ بەيتۇللا ھەزەن ئىچرە بولۇپمەن ئەل ئارا رەسۋا،
قەيۇھالەتتە بولسا ئەي ئىگەم دائىم ئامان ساقلا!

مېنى گىريان ئېتىپ كەتتىڭ ئايا ئەي كۆزلەرى مەستان،
سېنىڭدىن ئۇيالۇر ئېردى ھېمىشە ئول گۈلى بوستان،
كى سەنسىز كۆرۈنۇر كەنئان كۆزۈمگە بەلكى گۆرستان،

قىيامەتكە قالۇرمۇ ئەمدى بىزدىن پەسلى ئى داستان،
مېنى مۇنداغ قىلىپ زارى يۇسۇفنى سەن ئامان ساقلا!

ئابدۇللا بىلۇرمۇسەن يۇسۇف ئېردى بەسى نۇردەك،
باشىدىن ئۆرگۈلۈپ كەتتى زىلەيخا بىر پەرى ھۆردەك،
يەنە غۇنچە دىھانىدە ئىدى ھەم تىشلارى دۇردەك،
زىلەيخا تۈشىدە كۆرمىش ئۇنىڭ ھۆسنىگە مەغرۇردەك،
دىدى يەئقۇب خۇداۋەندە يامان ـ ياخشىدىن ساقلا!

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نالىسىنى ئوغـ
لانلىرى ئاڭلاپ جەمئى بولۇپ كىرىپ:

ـــ ئەي ئاتا، سىزگە نىمە ۋاقىئە بولدى؟ نىمە مۇنـ
داغ پەريات ـ پىغان قىلىسىز؟ كەنئاننىڭ خەلقى ئاڭلىسا
ئەلبەتتە ئۇيات بولماسمۇ؟ ـــ دىيىشتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

ـــ يۇسۇفنىڭ سالىمىنى ئىشىتتىم، بىر كارۋان سالام
ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەريات قىلۇرمەن!

ئوغلانلەرى ئەيدى:

ـــ قېنى ئۇشبۇ ئادەمنى بىزگە كۆرسەت!

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

ـــ مانا ئۇشبۇ كارۋان! ـــ دەپ كۆرسەتتى.

بۇ ئوغلانلار ھەر بىرى بىر باتۇردەك بولۇپ، كارۋانـ
نى تۇتۇپ، مۇشتۇملىرىنى تەگلەپ ئۇنى ئۇرغىلى تۇرغاندا،
كارۋان ئۇيان ـ بۇيان قاراپ قاچتى. بۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالـ
نى كۆرۈپ ئىبنى يەمەن ئاغامنىڭ سالىمىنى ھەم ئاڭلاتمايـ

دۇر، دەپ كۆپ يىغلىدى. خۇدايى تائالا جەبرائىلغا پەرمان قىلدىكى، بېرىپ يەئقۇبقە خەبەر بەرگىل! يۇسۇفنى ياد قىلىپ، مېنى ئۇنۇتتى، دىلى يۇسۇف تەرەفكە كەتتى، سەبرى قىلسۇن، بولمىسا قەھرى قىلۇرمەن، دوزاقىقا سالۇرمەن، پەيغەمبەرلىكنى ئالۇرمەن دەپ. جەبرائىل بۇ خەبەرنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغە يەتكۈزدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سورىدى:

— ئەي جەبرائىل، يۇسۇف ئوغلۇم بارمۇ؟

جەبرائىل ئەيدى:

— مەن ئەزرائىلدىن سورىدىم، ئۇ يۇسۇفنىڭ جانىنى ئالماپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا ھەزەندە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ قالدى، ۋاللەل ئەلەم.

فەسلى داستان شەۋقى گۈلىستان مەجلىسىندە سۆزنى مالىك پادىشادىن ئىشتىمەك كېرەك:

مالىك رىياننىڭ تەسەرۇپىدە يەنە بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى بار ئېردى. ئۇ ۋەزىرلىرىگە ئەيدىكى:

— مالىك رىياننىڭ دۆلىتى كۆتۈرۈلۈپ كۆڭلى ئۆستى، ئۇ ئاز كۈندە بىزنى ۋەيران قىلۇر، ئۇنىڭ پىكرىنى قىلايلى!

ۋەزىرلەرى:

— ئۇنىڭ ئىشىنى بىز قىلۇرمىز. رىياننىڭ ئىككى مەھرەم ۋەزىرى باردۇر، ئۇلارنىڭ بىرىنى ساقى، يەنە بىرىنى باقى دەرلەر. ئۇ، بۇلارنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرەدۇر، بۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىن تائام يەيدۇر. بۇلارغا بىزلەر ناھايىتى قاتتىق ۋەئدە قىلساق، رىياننىڭ ئىشىنى شۇلار تامام قىلا-

دۇر، — دېدى.

پادىشاھ ئەيدى:

— ئەمدى بۇلارغا كىم بارادۇر؟

بىر ۋەزىرى ئەيدى:

— ئۇلار بىلەن مېنىڭ ياخشى دوستلۇغۇم بار، مەن باراي!

پادىشا قوبۇل كۆردى. بۇ ۋەزىر جابدۇغىنى قىلىپ، مىسىر شەھرىگە راۋانە بولدى، نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ مىسىرغا يېتىپ كەلدى، باقى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ سۆزلەرنى بايان قىلدى. يەنە، سىزلەر پادىشانى ئۆلتۈرسىڭىزلەر، مىسىر پادىشالىغىنى سىزلەرگە بېرۇرمىز، دەپ ۋەئدە قىلدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقى خۇرسەن بولۇپ زەھەرنى ئېلىپ ساقىغا بەردى، ساقى زەھەرنى تائامغا قوشۇپ مالىك رىيانغا بەردى.

باقى قورقۇپ پادىشاغا:

— ئەي مالىك، ساقى ساڭا زەھەرنى قوشۇپ بەردى، — دېدى.

پادىشا رىياننىڭ كاللىسى پىقىراپ بۇ ئىككى ۋەزىرنى تۇتۇپ زىندانغا سالدى، بۇلار نەچچە كۈن زىنداندا ياتتىلەر. زىندان ئىچىندە بىر ئېزىز باردۇركى بەتامام زىندانىلار بۇ كىشىگە مۇتابىئەت قىلار، خىزمىتىدە بولار ئېردى، بۇ زىندانىلار چۈش كۆرسە تەبىرىنى ئېيتار، ھەرقانداق تەبىر ئېيتسا يالغان بولماس ئېردى.

بۇ ئىككىسى كۆرۈپ تەپەككۇر قىلدى، بىرلەر ھەم چۈش كۆرسەك بۇ ئېزىزغا ئېيتۇرمىز، بىزگە نىچۈك تەبىر

ئېيتادۇر، دەپ. بۇ كېچە ساقى بىر چۈش كۆردى، باقى چۈش كۆرمىدى.

ساقى ئەيدى:

— مەن چۈش كۆردۈم، بۇ ئىزىزغا ئېيتۇرمەن!

باقى ئەيدى:

— مەن چۈش كۆرمىدىم، يالغانىدىن چۈش كۆردۈم دەپ ئېيتىمەن!

بۇ مەسلىھەت بىرلە بۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، چۈشنى بايان قىلماقچى بولدى.

ساقى ئەيدى:

— ئەي ئىزىز، مەن بىر چۈش كۆردۈم، پادىشاغا شاراپ تۇتۇپ بەردىم، ئۆزەم ھەم بىرگە ئىچتىم بۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىڭ!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

بۇ چۈشۈڭ مۇبارەك بولسۇن! سىنىڭ گۇناھىڭ تۈگەدى، پادىشا سىنى چاقىرتىپ ئىھسان قىلۇر، ئەۋۋەلقىدەك ئىزىز بولۇرسەن!

باقى ئەيدى:

— مەن ھەم چۈش كۆردۈم، بىر تاۋاق نان ئېلىپ پادىشا تەرىپىگە بارۇرمەن، يولدا بىرمۇنچە قۇشلار ھاۋادىن چۈشۈپ ناننى چوقۇپ يەپ كەتتى، تەبىر ئېيتىڭ!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— سىنى پادىشا دارغا ئاسىدۇ، ئۆلۈگىڭنى ھاۋادىكى قۇشلار يەپ كېتەر.

باقى ئەيدى:

بۇ چۈشۈم يالغان، بۇ نېچۈك تەبىر بولۇر؟
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— بۇ سېنىڭ چۈشۈڭگە لايىق تەبىر بولدى!
ئەرتىسى پادىشا ساقىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئەۋۋەلـ-
قىدەك ۋەزىرلىككە ئولتۇرغۇزدى.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ساقىغا ئەيدى:
— پادىشاغا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەبەر بېرىڭ!
ساقىي دۆلەتكە مەغرۇر بولۇپ بۇ گەپنى ئۇنتۇپ
قالدى.
ئەرتىسى باقىنى پادىشا دارغا ئاسقۇزدى، ئۆلۈگىنى
تاشلىدى، گۆشىنى قۇشلار چوقۇپ يىدى.
رىۋايەتتە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىرىق يىل زىنداندا
قالدى دەپتۇرلەر، ۋاللەھ ئەلەم.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالى تەڭ بولدى، زىنداندـ-
لارغا ئەيدى:
— مەن بىر دۇئا قىلاي. سىزلەر ئامىن دەڭلار! ئاللا
تائالا قوبۇل قىلىپ ھەممىمىز زىنداندىن قۇتۇلساق ئەجەپ
ئېرمەس.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى، زىندانىلار ئامىن!
دىدى.
دۇئانىڭ قۇبۇلىنى تەلەپ قىلىپ، ساھىپ شائىر يۈـ-
سۈف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بىر مۇناجات ئوقۇدى:

يارەب ئۆزۈڭ بىلۇرسەن قالمىدى مەندە تاقەت،
دەرگاھىڭغا كېلىپمەن قىلغىل دۇئا ئىجابەت.

قىرىق يىلدۇر زىنداندا قىلىپمەن ئىستىقامەت،
دەرگاھىڭغا كېلىپمەن قىلغىلى دۇئا ئىجابەت.

قۇدۇق ئىچرە چۈشۈپمەن تەقدىرگە بوي سۇنۇپمەن،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

كۆزدە ياشىم ساچىپمەن دۇئاغا قول ئاچىپمەن،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئەسىر قىلدى جاپالار، كەتكەي جەۋرى جاپالار،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

خۇدا قىلسا ئىنايەت بىر كۆرەرمىز ۋاپالار،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

غەم يىمەڭلار زىندانى يىغلاڭ مىسلى بارانى،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

بەندىسىگە ھېمىشە قادىر ئىگەم مېھرىبان،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئول ھەزرىتى ئىبراھىم ئىسمائىلى ھەم ئىسھاق،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئۇشبۇ كېچە چۈشۈمدە مەدەت قىلدى بابالار،
ئامىن دەڭلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئىخلاس بىلەن يىغلىساق دۇئاغا قول كۆتەرسەك،
ئامىن دەگلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئابدۇللا سەن دۇئا قىل گۇناھىڭغا تۆبە قىل،
ئامىن دەگلار يارانلار بولغاي دۇئا ئىجابەت.

ئەلقىسسە: بۇ دۇئادىن كېيىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە زىندانىلارنىڭ دۇئاسى خۇدايى تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولدى.

شول زامان نىدا كەلدى:

— ئەي جەبرائىل! تېز بارغىل. يۈسۈپ سىندىقىمغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈز. يۈسۈپ سەبرى قىلسۇن، مېنىڭ ھىكمىتىم باردۇر!

جەبرائىل نىدا ئېلىپ كەلدى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ نىدانى ئاڭلاپ ھەزرىتى جەبرائىلنىڭ ئالدىدا تۆبە قىلدى. خۇدايى تائالا ئۇنىڭ تۆبىسىنى قوبۇل قىلدى، ۋاللاھۇ ئەلەم.

ئەل پەسلى سۆزنى مالىك رىيانىدىن ئىشىتمەك كېرەك:

مىسىر شەھرى ئادەت بويىچە يىلىدا بىر مەرتىبە ھېيت قىلاتتى، بۇ يىل يەنە ھېيت قىلماقچى بولدى. مىسىرنىڭ چوڭ - كىچىك، ئەر - خاتۇن، قىز - جۇۋانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، نەچچە كۈن ئويۇن - تاماشالار قىلدى، پۈتكۈل ئويۇنچىلار ھۈنىرىنى كۆرسەتتى.

رئىيان مالىكمۇ چىقىپ بۇ يەردە ئۈچ كۈن ھېيت قىلدى. ئۇ، بىر كېچىسى چۈش كۆردى: دەريايى نىلدىن

يەتتە ئورۇق ئۆكۈز چىقتى، يەنە ناھايىتى سەمىز يەتتە ئۆكۈز چىقتى. يەتتە ئورۇق ئۆكۈز يەتتە سېمىز ئۆكۈزنى يەپ كەتتى. ئۇ چۈشىدە يەنە يەتتە دانە كۆكەرگەن باش بۇغدايىنى ۋە يەتتە دانە بىشى يوق بۇغدايىنى كۆردى. شاھى رىيان ئورنىدىن ساچراپ تۇرۇپ، شەھەردىكى ھۆكىما، ئۆلىمايى مۇنەججىملارنى يىغىپ چۈشىنى بايان قىلدى. بۇلار سۆزگە ئاجىز كېلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! بىزگە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىڭىز، ئاندىن تەبىرىنى ئېيتايلى، — دېيىشتى.

مالىك رىيان مۆھلەت بەردى. قىرىق كۈن توشقاندا مالىك ھۆكىمالارنى يىغىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى.

ئۆلىمايى ھۆكىمالار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، چۈشىڭىز ئەسلى خاتىرىمىزدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېيىشتى.

بۇلارغا مالىكنىڭ غەزىۋى كېلىپ: زىندانغا سېلىڭلار! دەپ ھۆكۈم قىلدى. جاللاتلار كېلىپ ئۆلىمالارنى زىندانغا سالغىلى قەدەم قويغاندا، ساقىنىڭ كۆڭلىگە يۈسۈف كېلىپ بۇلارنى توختىتىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سەبرى قىلىڭ. زىنداندا بىر يىگىت باردۇر، شۇ يىگىت ئىنشائاللا تەبىر ئېيتار، — دېدى.

پادىشانىڭ خاتىرى جەم بولۇپ:

— ئۇ يىگىتنى دەرھال ئېلىپ كەلگىل، غەمدىن خالاس بولاي! — دېدى.

ساقى زىندان تەرەپكە باردى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام-

نىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، خىجالەتتە ھۆززەلەر قويدى، سىزگە قىلغان ۋەدەم دۆلەتكە مەغرۇر بولۇپ خاتىرىمدىن چىقىپ كېتىپتۇر، يەنە چۈش كۆرۈپ كەلدىم، — دېدى.

يۈسۈپ ئەيدىكى:

— بۇ چۈشنى سەن كۆرگەن ئەمەس، پادىشا كۆرگەن. ئۇنىڭ تەبىرىنى ھېچكىم ئېيتالماس. ئاللا تائالا بۇ چۈشكە مېنىڭ تەبىر ئېيتىشىمنى نېسىپ قىلغان ئىكەن، ئۈممىدىم باركى ئاللا دىلىمغا سالسا تەبىرىنى ئېيتارمەن. سەن بېرىپ پادىشاغا بۇ سۆزنى ئەيغىل!

ساقى كېلىپ بۇ سۆزنى بايان قىلدى. پادىشا ئىشىتىپ خوش ۋاقىت بولۇپ: ئۇنى دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار، ئۆزەم ئاڭلاي! — دېدى.

شول زامان ساقى زىندانغا بېرىپ يۈسۈفكە:

— پادىشا سىزنى چاقىرىدۇ، — دېدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— قىرىق يىل زىنداندا قالدىم. بۇنى پادىشا ھەقىقەتلىسۇن! گۇناھ كىمدە؟

ساقى كېلىپ بۇ سۆزنى پادىشاغا بايان قىلدى. رىيان مالىك مىسىر خاتۇنلىرىنى قىچقىرىپ سورىدىكى:

يۈسۈف بىلەن زىلەيخانىڭ ئارىسىدا گۇناھ كىمدە؟ بىلەمسىزلەر؟

خاتۇنلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ زىلەيخادادۇر، دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا زىلەيخا ھەم ھازىر بولۇپ، گۇناھ مېنىڭدە، دەپ ئىقرار بولدى.

پادىشا رىيان زىلەيخانى تالاق قىلدى. يۈسۈف

ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى.

ساقى بىرىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ئەيدى:

— گۇناھىڭىزنى پادىشا ئەپۇ قىلدى، ئەمدى سىزگە قاراپ قالدى، يۈرۈڭ دەرھال بارۇرمىز!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— مىنىڭ ھەمرالىرىم تۇلادۇر، مەن يالغۇز چىقسام بۇلار نالە قىلادۇر، ئەگەر پادىشا ئىجازەت بەرسە بىللە چىقسام، بىرىپ چۈشىنىڭ تەبىردىنى ئېيتىپ بەرسەم، — دىدى.

يەنە ساقى كېلىپ بۇ سۆزنى رىيان مالىكقا ئەيتتى. رىيان مالىك بارلىق زىندانىلارنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى، يۈسۈفكە بىر ئات ئەۋەتتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام:

— مەن ئاتلىق، بۇلار پىيادە بارسا بولمايدۇ، — دەپ چىقمىدى.

ساقى يەنە بىرىپ مالىك رىيانغا ئەيدى:

— زىنداندا تۆت يۈز قىرىق گۇناھكار بار ئىكەن. يۈسۈف ئات مىنسە، قالغىنى پىيادە بولسا ھەم بولماس ئىكەن، ھەممىسىگە بارابەر شەپقەت قىلسۇن، دەيدۇ.

مالىك رىيان بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خوش ۋاقىت بولۇپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغە مەپە، قالغانلىرىغا بىردىن ئات ئىبەردى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ، مەپىدە ئولتۇردى. يارانلەرى ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ مالىك رىيان تەرەپكە يۈردى.

مالىك رىيان نەچچە قىسىم نەغمە ناۋالار بىرلە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا تەئزىم بىجا كەلتۈرۈپ، تەختىگە ئىشارەت قىلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. مالىك كەمەر باغلاپ مەھازىرلەر ئېلىپ كېلىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن تۆرت يۈز قىرىق كىشىنى ئانداغ مېھمان قىلدىكى، تۈرلۈك نازۇ ـ نىئمەتلەر باياشات بولدى. مالىك رىيان چۈشنى بايان قىلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام تەبىر بەرمەككە مەشغۇل بولۇپ ئەيدىكى:

ـ يەتتە سىمىز ئۆكۈز يەتتە يىل توقلۇق بولماقلىقتىن، يەتتە ئورۇق ئۆكۈز يەتتە يىل ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك بولماقلىقتىن بىشارەت. يەتتە باش بۇغداي يەتتە يىل كۆكەرمەكتىن، يەتتە دانە بېشى يوق بۇغداي يەتتە يىل يەردىن گىيا ئۈنمەسلىكتىن، يامغۇر ياغماسلىقتىن ئالامەت كۆرسىتىدۇ.

پادىشاھى مالىك رىيان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىمان كەلتۈرۈپ كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، تەخت ـ تاجىنى تاشلاپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا پادىشالىق مۆھرىنى بېرىپ، بىر خىلۋەت ئۆيگە كىرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام پادىشالىق تەختىگە چىقتى، خالايىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھۆكۈم قىلدىكى: تامامى دېخانلار بىكار يەرلەرنى قويىماي ھەيدىسۇنلەر!

دېخانلار بىكار يەرلەرنى قويىماي ھەيدەپ بىھىساپ ئاشلىق ئالدى، ئالغان ئاشلىقلىرىنى خەزىنىگە جەمئى قىلدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام خالايىقلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئەيدى:

— ئەي خالايىقلار! يەتتە يىل ئاشلىق ياخشى بولۇر، يەنە يەتتە يىل ئاچارچىلىق بولۇر. سىزلەر ئارتۇق ئاشلىقنى خەزىنىگە سېتىپ بېرىڭلار، ئاچارچىلىق بولغاندا مەن سىزلەرگە قايتۇرۇپ بېرۇرمەن!

خالايىقلار ئارتۇق ئاشلىقنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا بەردى. خەزىنىگە ئاشلىق توپلاندى. ھاسىل كالام يەتتە يىل ئۆتتى، يەنە يەتتە ئاچارچىلىق يىلى كەلدى. بىر كۈنى پادىشاھى مالىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قارنىم ئاچتى، ماڭا تائام بېرىڭلار! دەپ ئەيدىلەر. بىر مۇنچە تائامنى يەپمۇ ئۇنىڭ قوسىغى تويىمىدى. ئۇ، بۇ نىمە ئالامەت؟ دەپ كوچىغا چىقسا، ھەممە خالايىق تائام دەپ يۈرۈرمىش. مالىك رىيان يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ: كۆپىنىڭ ھەققىدە بىر دۇئا قىلايلى، ئاللا تائالا ئاچارچىلىق بالاسىنى كۆتەرسە ئەجەپ ئېرمەس! — دىدى.

ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام خالايىقنىڭ نالىسىگە چىدىيالماي باشنى سەجدىگە قويۇپ، خۇدايى تائالانىڭ دەرگاھىغا سىغىنىپ دۇئا قىلدىلەر. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئامىن! دەپ زار - زار يىغلىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ مۇناجاتىغا لايىق كەلتۈرۈپ، ساھىپ شائىر ئەللىك تۆرتىنچى مەجلىسدە ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يۈسۈپ ياشىن تۆكۈپ ئېردى يا رازاق،
خالايىقنى خەلق ئەيلەگەن ئەي خەللاق.
بۇ ئەھۋالنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلۇرسەن،
بارچە ئەلنىڭ تاقەتلەرى بولدى تاق.

نوھ بابامغا يېغىپ ئېردى توفانى،
بولدى ئۇنىڭ قەۋمى كافىر، ئەل پانى،
نوھ پەيغەمبەر ياساپ ئېردى كېمەنى،
ھېچ زاماندا بولغان ئەمەس ئاشۇنداق.

نوھ بابامغا مۇنداغ خىتاپ ئەيلەدىڭ،
دۇئا قىلدىڭ دىبان ئىتاپ ئەيلەدىڭ،
كۆزلەرىنى دائىم پۇرئاپ ئەيلەدىڭ،
كۆرۈنمەدى ئول ئىش ساڭا ھەم بىھراق.

ئەمەس ئېردىڭ يەنى ئاڭا رىزاسىن،
خىجالەتتىن بابام ئېردى ئىزاسىن،
غەم ئىچىندە كۆزنىڭ ياشى غىزاسىن،
دۇئا قىلىپ ئۆزى ئەيدى بىتەرراق.

ئەرزى بۇھەم سېنىڭ بەندەلىرىڭدۇر،
قەھەتلىكتىن ماڭا يىغلاپ كېلىپتۇر،
ئەمدى سەن ھەم بىر تەرەھھۇم قىلاكۆر،
كەتتى ئەلدىن رەڭگى روھى ھەم سىياق.

رەھىم ئەتمەسەڭ بولدى قاتتىق قاباھەت،
يارەب نېسىپ ئەيلە ئەمدى قانائەت،
مىسرى شەھرى مەگەر بولدى قىيامەت،
بەندەلەرنىڭ نالىسىگە سال قۇلاق.

بۇ يىللاردا كۆكتىن باران ياغمىدى،
يەر يۈزىگە زەررە گىيا ئۈنمىدى،
مىسىر شەھرى ھالاۋىتى كەلمىدى،
توختاپ قالدى ئاقار سۇلار ھەم بۇلاق.

يائىلاھىم زەررە كەرەم ئەيلەگىل،
مۇناجىتىم ئۆزۈڭ قوبۇل ئەيلەگىل،
بەندەلەرنىڭ تىلەگىنى ھەم بەرگىل،
قانائەتلىك بولسۇن ھەممە ئىتتىپاق.

ئابدۇللا سەن يۈسۈف بىرلە يىغلادىڭ،
قانائەتنى خۇدايىمدىن تىلەدىڭ،
دۇئالارنى ئىگەم قوبۇل قىل دىدىڭ،
يۈسۈف ئۆزى ئىگەسىگە يورۇغراق.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى خۇدايى تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولدى، خۇدايى تائالا خالايىقلارغا قانائەت بەردىلەر.

ئەمدى سۆزنى زىلەيخادىن ئىشتىمەك كېرەك:

بۇ كۈنلەردە زىلەيخا بىر پىنھان جايدا جېنىنى بېقىپ ياتقان ئېردى، قىلغان تۆھمەتلىرىدىن ئۇيۇلۇپ

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا كەلمەس ئېردى. ئۇ ئاخىرى ئۆزۈقتىن قىسىلىپ هالى تەڭ بولوپ، ئۇيىاتىنى تاشلاپ ئۇردا تەرەپكە راۋانە بولدى. ئۇردىغا بېرىپ دەرۋازا تۈۋىدە بەلەن ئاۋاز بىلەن ئىشقى رەپتارى دەپ يىغلىدى، بۇ يىغا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى، ئۇ بىر كىشىدىن: بۇ نىچۈك ئاۋازدۇر؟ — دەپ سوردى. ئۇ كىشى: زىلەيخا ئاشىق پەريادى پىغان قىلادۇر، — دىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام: ئۇنى ئۇردىغا ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى.

زىلەيخانى يۈسۈفنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا تەئزىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى.

شول ئەسنادا ساھىب شائىر زىلەيخانىڭ كۆز ياشىغە چىدىماي ئەللىك بەشىنچى ئەبياتنى ئوقۇدى:

خۇدانىڭ ھۆكمىنى كۆر بەندە بولغان پادىشاھ بولدى،
شېھىنشاھلار جاھانلار يانىدە چۈن گادا بولدى.

غېرىبلىق ماڭا يەتتىلەر تونۇرمىكىن مېنى ئەمدى،
ئەگەرچە كويىدا يۈزمىڭ ئاڭا جانىم پىدا بولدى.

باشىم قويسام ئاياغىغا ماڭا بىر يول نەزەر سالىماس،
بۇ دۆلەت بىرلە يۈسۈف مىسرى ئەھلىگە پانا بولدى.

يۈسۈفنىڭ زوقى - شەۋقى بۇ كۆڭلىدىن چىقمىدى ھەرگىز،
يېتىپ ياشىم قېرىلىقتا سېنى كۆرمەي ئادا بولدى.

كى ئابدۇللا بىلۇرمۇسەن يۇسۇفنىڭ ئالدىدا ئۇل كۈن،
يۇسۇفكە يۈكلىدى تۆھمەت زىلەيخا تەنتەنە بولدى.

ئەلقىسسە: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ سۆزىگە تەپەككۇر قىلدى، زىلەيخانىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ تۇردى. ئۇنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەقىدەلىرى ئېسىگە چۈشۈپ ئېيتار سۆزىنى قىلالماي تۇرغىنىغا لايىق شائىرنىڭ ھەم دىلى ئېزىلىپ، ئەللىك ئالتىنچى مەجلىسدە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەجەپ ھىكمەت پەلەكنىڭ گەردىشى جىسمىم قارا بولدى،
يۈرەكىم ھەر زامان ئىشقىڭ ئوتىغا مۇپتىلا بولدى،
ئۆزەم شاھى جاھان ئېردىم سىنىڭ دەردىڭ گادا قىلدى،
جاھان ئاۋارىسى بولدۇم مېنى ساڭا گادا قىلدى،
ئايا يۇسۇف سىنىڭ ئىشقىڭ ئېزىز ئۆمرۈم ئادا قىلدى.

كۆزۈمنىڭ قالمىدى نۇرى سىتەم قىلدى فەلەك دەرۋى،
مالامەت ئاستىدا قالدىم خالايىق باشىمە غەۋرى،
ئەگەر ئاھى چېكەر بولسام چىقار كۆككە يۈرەك شورى،
مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ ھەم سىنىڭ دەردىڭ بىلەن پۇرى
بۇ، نى ھەسرەت، بۇ، نى جەبرى ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدى.

چېكىپ يولۇڭدا يۈز ئاپەت تېنىمدە قالمىدى تاقەت،
دىيارىمدىن ئاداشىپمەن كۆرۈپمەن دائىما غۇربەت،
ماڭا پەرۋايى قىلماسەن كۆرۈپسەن سەلتەنەت ئىززەت،

مېنى بۇ كويغا سالدىڭسەن بولۇپمەن غەم بىلەن ئۆلپەت،
كى دەۋرى ئاتەشىن ئىشقىڭ مېنىڭ بەختىم قارا قىلدى.

مەن ئېردىم شاھى خۇرسەندى يۈسۈپ ئېردى ماڭا بەندى،
بولۇپتۇر مىسىرنىڭ شاھى ئۇنىڭ ئاغزى تولاخەندى،
مېنىڭ هالىمغا يەتمەسمۇ مېنى خەلق ئەيلەگەن تەگرى،
نى دەردۇ، نى ئەلەم كەلدى ئايادوستلار بىلىڭ ئەمدى،
نەچچە يىلدۇر پىراقىدا غېرىبى بى ۋەتەن قىلدى.

كېلەي ئابدۇللا بىلدىڭمۇ زىلەيخا دەردى ھەسرەتتە،
ئۇشۇل يۈسۈپ ئۈچۈن بىلسەڭ ھېمىشە رەنجى مېھنەتتە
بولۇپ گۈلدەك جامالى كوچىلاردا ئەمدى كۆلپەتتە،
ۋەلى يۈسۈپنى كۆر پەرۋايى يوقتۇر ئەيشى - ئىشرەتتە،
ئېسىگە ئېلىپ زىلەيخا ئەمدى قەددىنى دۇتا قىلدى.

ئەلقىسسە: زىلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ئەرز ھالىنى بايان قىلدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام سورىدى:

— نەچچە زاماندىن قايدا ئېردىڭ؟ مېنىڭ ئالدىمغا نىچۈك كەلدىڭ؟

زىلەيخا ئەيدى:

— خۇدايى تائالا سىزنى پادىشا قىلدى، مېنى گادا قىلدى. ئەۋۋەل مەن پادىشاھ ئېردىم، سىز ماڭا قۇل ئېردىڭىز. مەن سىزدىن قېچىپ پىنھان يەرلەردە يۈردۈم، ئەمدى جانىم چىقارغا يېقىن بولدى، ھېچ ئىلاجى قىلالماي سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم، ھەرنە ھۆكۈم قىلسىڭىز سىز قىلۇرسىز!

يۈسۈف ئەلەيھسسالام زىلەيخانىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، سەرۇپالانى كىيدۈرۈپ، تائاملار ئىنئام قىلىپ، ئۇنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويىدى. شۇ ئەسنادا قەھەتچىلىك مەزگىلىنىڭ تۈگىشىگە ئالتە ئاي قالغان ئىدى. خالايىقلار يۈسۈف ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ زار يىغلاپ: بىزلەر ھالال - ھارامنى ھەم يىدۇق، ئەمدى يىگىلى ھارام ھەم تېپىلمىدى،-دېيىشتى. يۈسۈف ئەلەيھسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇدايى تائالاغا نالە قىلدى. ئاللا تائالا جەبرائىلغا ئەمر قىلدى: يۈسۈف سىدىقىمغا ئېيتقىل، جامالىنى مىسىر خەلقىگە كۆرسەتسۇن. خالايىقلار ئاڭا مۇشتاق بولۇپ ئاچارچىلىق ئالامەتىنى تۇيماي قالدۇ،-دىدى.

ھەزرىتى جەبرائىل ۋەھى ئېلىپ كېلىپ يۈسۈف ئەلەيھسسالامغا يەتكۈزدى. بۇ ۋەھىدىن كېيىن يۈسۈف ئەلەيھسسالام پۈتكۈل خالايىقنى يىغدۇرۇپ ئۆزى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ جامالىدىن نىقاۋىنى كۆتەردى. خالايىقلار ئۇنى كۆرۈپ بەتامام بىھۇش بولۇپ قىرىق كۈن ياتتى. ئاچلىق ئالامىتىنى بىلمىدى. قىرىق كۈن ئۆتكەندە، يۈسۈف ئۇلارغا بىر قېتىم تائام بەردىلەر. خالايىقلارنىڭ ئىشتىھاسى بېسىلدىلەر. ئۇشبۇ ھالەتتە ئالتە ئاي تامام بولدى. مىسىر شەھىرىدىن قەھەتچىلىك كۆتۈرۈلدى.

رىۋايەتلەردە ئانداغ ھىكايەت قىلىپتۇرلەركى: قەھەتچىلىك ئۆتۈپ كەتتى، خالايىقلار خۇش ۋاقىت بولدى، دەريالاردا سۇلار راۋان بولدى، بۇلاقلار قاينىدى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدى، مەمۇرلۇق پەيدا بولدى، گىيالار كۆكەردى، يەرلەر ياشاردى، نېمەتلەر پاراۋان بولدى. دىخانلار يەر ھايداپ، ئاشلىقلارنى ھىساپسىز ئالدى.

خالايىقلار مالىك رىياننىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھى رىيان باشلىق ھەممە خالايىق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئازادلىق تىلىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئاسماننى، يەرنى ياراتقان خۇدانى بەرھەق بىلىڭلار! يەئقۇب نەبىي ئاللا دەپ ئىمان كەلتۈرۈڭلار! ئىمان كەلتۈرسەڭلار مەن سىزلەرگە كۆپ ئېھسانلارنى قىلىپ شات قىلاي!

ھەممە خالايىق «لائىلاھە ئىللاللا، يەئقۇپ نەبى ئاللا» دەپ ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى دەپتۇرلەر.

ئەل پەسلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلىتى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. ھەممە خالايىق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا مۇتابىئەت قىلدى.

ئەمدى سۆزنى زىلەيخادىن ئىشتمەك كېرەك:

كۈندىن - كۈنگە يىغلاپ زىلەيخانىڭ جىگەرلىرى خۇن بولدى، ئۇنىڭ دادىغا ھېچكىم يەتمىدى، ئۇنىڭ ھاجىتىنى ھېچكىم راۋا ئەتمىدى، يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرى كور بولدى. كوچىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىۇر ئىردى. ئۇششاق باللار زىلەيخانىڭ كۆزى كۆرمەس دەپ ئۇنى ئويمان - چوڭقۇرلارغا يىتىلەپ ئويىنار ئىدى.

ئەل پەسلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ياخشى ئېتى بار ئىردى، ئول ئاتقا مىنىپ ھەر يەرگە چىقار بولسا، خالايىقلار ئۇنىڭغا ئەرز - ئەھۋالىنى ئېيتۇر ئىردى، ئۇ ھەر كىمنىڭ دادىغا يېتەر ئىردى، ئەمىر مەئرۇف قىلۇر

ئېـردى. ۋاقتىكى ئېتى كىشىنىسە ئاڭلارمەن دەپ زىلەيـخـا يـۈسـۈف ئەلەيـھـىسسالامـنىڭ ئـۆتەر يـولـىدا ئولتـۇرۇر ئېردى.
بىر كۈنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋەزىر - يارانـلىرى بىلەن كېلۇر ئېردى. زىلەيـخـانىڭ ئاھ ئۇرۇپ ئاشىـقـلىق سۆزلىرىنى قىلغىنىغا لايىق ساھىپ شائىر ئەلىنىڭ يەتتىنچى مەجلىسدە بۇ ئەبياتنى ئېيتادۇر:

داد پەريات ئىشق ئوتىدا نىلايىن،
مېنىڭ ئاھىم ئول يارىمغا يەتكۈرمەس.
سەندىن باشقا ئەمدى كىمگە ئېيتايىن،
بۇ دەردىمنى دەرمانىمغا يەتكۈرمەس.

ئىشقىڭ غېمى مېغزىم چاقتى روز شەب،
بۇ دىلىمغا ئىشقىڭ ئوتى ئۇردى تەب،
باغرى قانىم كۆزدىن ئاقتى بى سەبەب،
ئەرزى ھالىم دىلدارىمغا يەتكۈرمەس.

قىرىق يىلدۇر داغ ئۈستىگە داغ ئولدى،
لەگگەر توقۇپ باغ ئۈستىگە باغ ئولدى،
گۈلىستانلار ئۈگىسىدا زاغ ئولدى،
بۇلبۇللارنى گۈلىستانىغا يەتكۈرمەس.

مېنى ئىلتىڭ يول ئۈستىدە تۇرايىن،
ئات ئىزىنى كۆزلەرىمگە سۈرەيىن،
نى خىيالى بار ئىكەننى بىلەيىن،
نامۇس مېنى ئاشىقىمغا يەتكۈزمەس.

ئۆمرۈم ئاخىر بولدى ئۈمىد كېسىلمەس،
بۇ ھالىمنى ھېچ كىمەرسە ھەم بىلمەس،
تا قىيامەت مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈزۈلمەس،
پىراقىمنى غەمخارىمغە يەتكۈرمەس.

يارەب مېنى نەزەر ئەيلەپ كۆلدۈرسە،
يا بولمىسا تېپىپ مېنى ئۆلتۈرسە،
كۆڭۈلدىكى مۇددىئانى بىلدۈرسە،
نېچۈك مېنى خىيالىمغا يەتكۈرمەس.

ئۈزۈلمىدى سەندىن زادى بۇ كۆڭۈل،
ھايا قىلدىڭ دايىم مېنى كۆپ مەلۇل،
ئىختىيارى بىرلە مېنى سورار ئول،
قوللىرىنى ئاناردىغا يەتكۈرمەس.

ئابدۇللا سەن زىلەيخانى قاخشاتما،
يۈسۈفنى سەن ئەمدى ھەرگىز دورىما،
ئىشق ئەھلىدىن بۇ ئەھۋالنى سورىما،
زىلەيخانى يۈسۈف ھەرگىز تاشلىماس.

ئەلقىسسە: زىلەيخا بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. يۈسۈف غەزەپناك بولۇپ ئىتنى توختىتىپ تۇرۇپ: ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەتتى؟—دېدى.

زىلەيخا ئەيدى:

—ماڭا ھېچكىمدىن ئەلەم يەتمىدى، مېنىڭ ھالىمنى سەن بىلۈرسەن، مەگەر سەندىن باشقا ئادەمدىن جاپا

كۆرمىدىم. قىرىق يىل بولدى، سېنىڭ دەردىڭدىن باشقا ئەلەم يوقدۇر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئەي زىلەيخا، ئۆزۈڭ قېرىلىق ھالىتىدە، كۆزلەرىڭ كور بولۇپتۇر. سەن يەنە ئىشقىبازلىق سۆزىنى قىلىسەن؟

خالايىقلار زىلەيخانى سېنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئېتىبارغا ئالمىدى، دەپ مازاق قىلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى زىلەيخانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، خالايىقنىڭ سۆزى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. زىلەيخا نومۇسنى تاشلاپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىنىڭ يۈرگەن يولىنى كۆزىگە سۈردى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە بېرىپ پەريات ئۇرۇپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ بۇتىغا سەجدە قىلىپ: ئەي ئاتا، بابامنىڭ خۇداسى! ئەمدى مەن سىزلەرگە جانىمنى پىدا قىلدىم، مېنىڭ ھالىمنى يۈسۈف پادىشاغا مەئلۇم قىلغىلار! دەپ يىغلىدى. بۇتلىرىدىن ھېچ سادا چىقمىدى. زىلەيخا: سىزلەردىن ھېچ سادا چىقمىدى. بەلكى قىيامەت كۈنى ھەم ماڭا مەدەت قىلمايسىزلەر دەپ بۇتلىرىنى ئۇرۇپ — سۇندۇرۇپ پارچە — پارچە قىلىپ تاشلىدى. ئەمدى يۈسۈفنىڭ خۇدايىغا يىغلاي، ئۇنىڭ خۇدايى بەرھەق ئىكەن، دەپ ئويلاپ: ئەي يۈسۈفنىڭ خۇدايى، سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلدىم، ساڭا سېغىندىم، قىلغان گۇناھلىرىمغا تۆۋە قىلدىم، ھەر ئىش قىلدىم، خاتا قىلدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىل، يەئقۇب پەيغەمبەرنى بەرھەق بىلدىم، تەسەددۇق قىلدىم! — دەپ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، باشىنى سەجدىگە قويۇپ زار — زار يىغلىدى.

شۇل سائەتتە ساھىپ شائىر ھەم قىلغان گۇناھلىرىغا

تۆۋە قىلىپ، زىلەيخاغا قوشۇلۇپ ئۇشبۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە تەجەللا بىرلە كۆڭلۈم ئاشنا ئەيلە،
قاراڭغۇ بۇ كۆڭۈلنى رەھمىتىڭدىن ئىنجىلا① ئەيلە،
نىسار رەھمىتىڭنى بۇ قۇلۇڭغا بارھا ئەيلە،
ساڭا كەلدىم زالالەت② يولىدىن ئەمدى جۇدا ئەيلە،
ھەقىقەتلىك مەجازىدىن يۈسۈفنى مۇقتىدا③ ئەيلە.

نەچچە يىلدۇر ۋاپا قىلدىم بۇ جانىمغا جاپا قىلدىم،
يۈسۈف دىدىم كېچە - كۈندۈز ئېزىز ئۆمرۈم ئادا قىلدىم،
يۈسۈف قىلدى جاپالارنى ئاڭا ئۆلدەم ۋاپا قىلدىم،
ئاڭا ئەمدى مۇھەببەت ئەيلەمەككە مەن ئىبا④ قىلدىم،
قىلىپ تۆبە ساڭا كەلدىم ماڭا نۇرى پىدا ئەيلە.

بولۇپ كۆپرى زالالەتتە ئۆتۈپ ئۆمرۈم بىتالەتتە⑤،
يۈسۈف دىدىم سېنى تاشلاپ ئۆتۈپ ئۆمرۈم زالالەتتە،
كىمەرسە بارمۇكىن مەندەك ئادا بولغان مۇشەققەتتە،
ئېرۇرسەن ئەي خۇداۋەندە ھېمىشە سەن جۇلالەتتە،
قېلىپتۇرمەن بۇ مېھنەتتە بۇ دەردىمگە داۋا ئەيلە.

خۇداۋەندە ساڭا كەلدىم گۇناھىمنى ئەپۇ ئەتكىل،
كېلىپ دەرگاھىڭغا يىغلاي يۈسۈفنى سەن نىبىسىپ ئەتكىل،
خاتا يەلدىن چىقىپ كەلدىم بۇ دادىمنى قوبۇل ئەتكىل،

---

① ئىنجىلا—يورۇقلۇق، ② زالالەت — قاراڭغۇلۇق، ③ مۇقتىدا — جەزمە قىلىش، ④ ئىبا—ئىبادەت، ⑤ بىتالەت—تەلەيسىز.

يەنە ئەۋۋەلدىن ئاخىرغا خاتالارنى يىراق ئەتكىل،
يىقىلدىمەن قولاق تۇتقىل تىلەگىمنى ئادا ئەيلە.

مېنىڭ مەقسۇدىمە ھاسىل گۇناھىمغا بولۇپ قايىل،
مېنىڭدەك بولمىسۇن ھىچكىم يۇسۇفنىڭ دەردىدە سائىل،
مۇرادىمغا يېتەر ئەمدى زىلەيخادەك كىشى قايىل،
بۇ ئەسرارىم ئۆزۈڭ بىلگىل يۇسۇفنى قىل ماڭا قائىل،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل يارەب ئاڭا مەندىن نىدا ئەيلە.

زىلەيخاغا ئىنايەت قىل دۇئاسىنى ئىجابەت قىل،
يۇسۇف بىرلە زىلەيخانى ھاياتىدا ھىمايەت قىل،
زىلەيخانىڭ مېھماتىن يۇسۇف بىرلە كۆپايەت قىل،
بۇ ئاشىقلار مۇرادىنى بۇ ئالەمدە ئىشارەت قىل،
كى توغرى يول ھىدايەت قىل ماڭا ئەمدى ۋاپا ئەيلە.

مۇرادىنا يېتەر ئابدۇللا ئاشىقلار ۋەلى ھەققى،
جەمئى ئەنبىيالارنىڭ ھەممە پاكۇ دىلى ھەققى،
جاھان يۈزىگە كەلگەن ئەۋۋەلى، ئاخىر ۋەلى ھەققى،
شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ھەقىقەت، مەئرىپەت ھەققى،
ھەبىبلارغا يەنە مەھبۇبلارنى ئاشنا ئەيلە.

ئەلقىسسە: زىلەيخا بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى. زىلەيخانىڭ دۇئاسىنى ئالىلا تائالا قوبۇل قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا جەبرائىلنى ئىبەردى: بارغىل يۇسۇف سىدىقىمغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈرگىل. بۈگۈن زىلەيخانىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن! مېنىڭ خۇدالىقىمنى بىلسۇن! ھەر ئىش

بولسا ماڭا بېغىشلىسۇن، غەم يېمىسۇن، ھەر ئىككىسىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلۇرمەن!—دىدى. جەبرائىل بۇنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى.

ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ نىدانى ئىشىتىپ ئېتىنى مىنىپ زىلەيخا تەرەپكە كەلدى. زىلەيخا ھەم يۈسۈفنىڭ ئۆتەر يولىدا ساقلاپ: مۇبادا يۈسۈف ئۇشبۇ يولدىن كەلسە، مۇبارەك قەدەملىرىنى كۆزۈمگە سۈرەي دەپ تۇردى. خالايىق ئېيتۇركى: ئەي زىلەيخا، يۈسۈف پەيغەمبەر كېلەدۇر. كۆرگىل ساڭا نىمە دەيدۇر؟

زىلەيخا ئەيدىكى:

—ئەي جاھان خەلقى! مەسخىرە بولدۇم. ئەمدى سىزلەرنى مەسخىرە قىلۇرمەن! — دىدى.

ئول ۋاقىتتا بىر قىز كېلىپ ئەيدى:

— ئەي زىلەيخا كۆرگىل، ياساۋۇللار كېلىۋاتىدۇ.

زىلەيخا ئەيدى:

— يالغان ئېيتما!

شول ئەسنادا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئېتىدىن چۈشۈپ ئاستا ئۆتەي دەپ ئىدى، زىلەيخا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي يۈسۈف، قايدا بارۇرسەن؟ كۆزۈمنىڭ بارىدا ئەلەم قىلدىڭ، ئەمدى كۆزۈمنىڭ يوقىدا تېخىمۇ ئەلەم قىلاي دەمسەن؟ — دىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— مېنى قايدىن تونۇرسەن؟

زىلەيخا ئەيدى:

— ئەلنىڭ ئېتى يەرنى باسادۇر، سېنىڭ ئېتىڭ كۆك-سۇمنى باسادۇر. ئەي يۇسۇف! بۇ ئىشقا قىرىق يىل بولدى، سەن نەزەر سالمايسەن. ئىشەنمىسەڭ قامچاڭنى ئاغزىمغا تەڭلە، يالغان دىسەڭ بىلۇرسەن.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قامچىسى ئالتۇن ساپلىق ئېردى، بىناگاھ قامچىنى زىلەيخانىڭ ئاغزىغا تۇتتى، زىلەيخا جان-دىل بىرلەن بىر ئاھ ئۇردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئوت چىقىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قامچىسى كۆيدى، قولىمۇ كۆيدى. ئۇ قامچىنى تاشلىدىلەر. ئاندىن كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمى كېلىپ: ئەمدى بىلدىم ئاشىق ئىكەنسەن، سادىق ئىكەنسەن، — دىدى. زىلەيخانى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ ئۆزى راۋان بولدى. مەھرەملىرى ئالتۇن مەپە ئېلىپ كېلىپ، زىلەيخانى مەپىگە سېلىپ ئورنىغا ئېلىپ باردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ باشىنى سىپاپ رەھىم قىلىپ ئەيدىكى:

— ئەي زىلەيخا بىغەلەمسغىل. كۆڭلۈڭدىكى مۇرادىڭغا يېتەرسەن. مەقسۇدىڭنى ھاسىل قىلۇرمەن. مۇرادىڭ مەندە بولسا خۇدايى تائالا مۇرادىڭنى بېرۇر. ھەرنە تىلەكىڭ بولسا خۇدايىم راۋا قىلۇر. ھەر ئىككىمىز مۇرات-مەقسىدىمىزنى خۇدايى تائالادىن تىلەپ دۇئا قىلۇرمىز. بىزدە دۇئادىن بۆلەك نەرسە يوق. ئاللا تائالا قوبۇل قىلسا ئەجەپ ئېرمەس!

زىلەيخا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى بايان قىلدى.

ئۇشبۇ ئەللىك توققۇزىنچى مەجلىسدە ساھىپ شائىر زىلەيخانىڭ مۇرادىغا لايىق كەلتۈرۈپ ئۇشبۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

قىرىق يىلدۇر ئىشق ئوتىدا كۆيمىشىم،
كۆڭلۈم مېنى سەندەك يارغا يەتكۈرسە.
دەردى مېھنەت جاپاسىغا قالمىشىم،
ئەمدى مېنى ۋاپادارغا يەتكۈرسە.

قايتا باشتىن يەنە بولسام گۈل چىمەن،
كۆزلەرىمنى قىلسا يەنە ھەق روشەن،
ھوزۇرۇڭدا جانىم پىدا بارچە تەن،
خىزمەت قىلىپ ئېتىبارغا يەتكۈرسە.

ياشىم مېنىڭ ئون تۆرت بولسا ئەلمەدام،
دىلىم بىرلە زىكرى قىلسام خوش كالام،
يۈسۈف بولسا شىرىن زۇبان ئەلمەدام،
مېنى مۇنداغ ئىختىيارغا يەتكۈرسە.

ئۆمۈر ئۆتكۈزسەم خىزمىتىدە مەن ھامان،
قامىتىڭگە بولسام ئىدىم مەن قۇربان،
يۈرەگىمدە قالماس ئېردى بىر ئارمان،
مېنى سەندەك غەمگۈزارغا يەتكۈرسە.

كۆزنى سالسا كۆڭۈل بىرلە ھەر زامان،
پىدا قىلسام ساڭا جانىم ئول زامان،
دىمەس ئېردى ئۆتكەن ئۆمۈر پۇشايمان،
ئىنتىزارنى ـ ئىنتىزارغا يەتكۈرسە.

قەددى ـ قامەت باغ ئىچىندە قىزىلگۈل،
مەن ئېرۇرمەن گۈل باغىدە بىر بۇلبۇل
ئەگەر بىلسەڭ قامىتىمدە ئانارگۈل،
كاشكى مېنى سەندەك يارغا يەتكۈرسە.

ئەسلى يۈسۈف ماڭا مەۋجۇت بولۇرمۇ؟
سەندە مېنىڭ كۆڭلۈم خوشنۇت بولۇرمۇ؟
ھەسرىتىڭدە بۇ زىلەيخا ئۆلۈرمۇ؟
بۇ سىرلارنى ئەسرارىغا يەتكۈرسە.

ئىزھار قىلدى ئەسرارنى زىلەيخا،
ياد ئەيلەدى خۇمارنى زىلەيخا،
ھېچ تاپمىدى غەمخارنى زىلەيخا،
پەرۋانىنى پەنەرىگە يەتكۈرسە.

ئابدۇللا سەن زىلەيخانىڭ ئەسرارىن،
كىتاپلاردا كۆردۈڭمۇ سەن بايانىن؟
ھەق تائالا ھەر كىشىنىڭ مۇرادىن،
مۇرادىنى مەقسىدىگە يەتكۈرسە!

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ تىلەكىگە ناله قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتىرىپ خۇداغا مۇناجات قىلدى. خۇدايى تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، زىلەيخانى ئون تۆت ياش ۋاقتىدىكى ھالىتىگە كەلتۈردى. زىلەيخا ئون تۆت ياشار قىز بولۇپ قالغىنىغا خوش بولۇپ خۇداغا تەھسىن ئايىرىن ئېيتتى.

ساھىپ شائىر زىلەيخانىڭ خوشلىغىغا لايىق ئاتمىشىنچى غەزەلنى ئوقۇدىلەر:

بولدى ھەقىقى ئىشقىمىز يوقتۇر ماجازى ئىختىيار،
تاپتى داۋانى دەردىمىز بولدى مۇيەسسەر گۈلئۇزار.

ھەققە يېتىشتى دادىمىز، بەردى خۇدا مۇرادىمىز،
ئەسلى مۇرادى ۋاقتىمىز نۇرىنى تۆكتى بىرۇبار.

ياراتتى خۇدايىمىز فىردەۋۇس ئەئلا جايىمىز،
يوق ئەمدى ھىچ پەرۋايىمىز بىر - بىر قىلىپتۇر ئىختىيار.

ئاشىق ئىردىم جامالىغا ئايدەك يۈزلۈك نەھالىغا،
شېكەر لەبىڭنىڭ بالىغا دائىم مەن ئېردىم ئىنتىزار.

تاپتى زىلەيخا ھالىنى تەجەللىنىڭ جامالىنى،
كۆردى خۇدانىڭ سۇنئىنى يۇسۇف قىلماس ئىختىيار.

كۆرۈپ زىلەيخاجانى يوق يۇسۇف بىلە پەرۋايى يوق،
ئەۋۋەلدىكى ۋاي - ۋايى يوق ئەمدى يۇسۇفكە ئۆتتى زار.

كۆرگىل مۇھەببەت ئەۋۋەلى ئىشق زىلەيخادا ئىردى،
ئەمدى يۇسۇفكە تاشلىدى قىلدى ئۇنى پەرۋەردىگار.

ئابدۇللانى ئاشىق قىلۇر ئاشىقنى سەرگەردان قىلۇر،
ئاقىلنى سەرگەردان قىلۇر مۇنداغ ئۇنىڭ تەقدىرى بار.

ئەل پەسلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخاغا گىرىپتار بولدى، ئولدەم زىلەيخانىڭ ھالى ئۆزگىچە بولۇپتۇر. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخاغا شەيدا بولدى، ئەمدى زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا پەرۋا قىلمىدى، خۇدانىڭ ئىشقىغا ۋاسىل بولدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تاقىتى قالمىدى، زىلەيخاغا ناھايىتى مۇشتاق بولدى.
ئەمدى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ ئىشقىدا ئۇشبۇ غەزەلنى ئېيتادۇر:

ياندى تۇتاشتى ئوتىڭىز زىلەيخاجان بىلۇرمۇسىز؟
تەندى قۇرىدى قانىمىز مۇنچە جاپا قىلۇرمۇسىز؟

قىلدىڭ كەرەشمە بىر بېقىپ كەتتىڭ جانىمغا ئوت يېقىپ،
قالدىم كۆزۈم ياشىم ئېقىپ ئەمدى نەزەر سالۇرمۇسىز؟

كۆيدۇرمىگىل بۇ جانىمە ئاشۇرمىغىل پىغانىمە،
بىلىپ سىرى نەھانىمە يۈزۈڭ پانا قىلۇرمۇسىز؟

تۈشتۈم قۇدۇققا نەچچە كۈن زىنداندا تۈشتۈم نەچچە يىل،
رازى بولۇپ تەقدىرگە سىز ھەم ئۇنى بىلۇرمۇسىز؟

ئاگلا قۇلاقتا دائىما كەلدى مېنىڭ بىر ئاھىما،
كۆرگەن تۈشۈمدە مەن راۋا ئەمدى مېنى تونۇرمۇسىز؟

قالدى يۇسۇف بالاسىغا ئىشقى ئوتى جاپاسىغا،
رەھىم قىلغۇر گاداسىغا مېھرى ۋاپا قىلغۇرمۇسىز؟

سۆزلەيدۇ ئابدۇللا بۇنى ئۆمىد قىلغۇر تۈنى ـ كۈنى،
يۇسۇف ـ زىلەيخا سۆزىنى تاڭلا شىپا قىلغۇرمۇسىز؟

ئەل پەسلى زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ خۇدايى تائالاغا يۈز كەلتۈرۈپ، ئىبادەت يولىغا كىرىپ، يۇسۇفتىن ئۆزىنى پىنھان تۇتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىلەيخانى ئىزلەپ تاپالماي زار يىغلاپ كۆلبە ئەھزان دېگەن يەرگە بېرىپ ياتتى، ھېچ كىشىگە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ھەمدۇسانا ئېيتىپ ياتقىنىغا لايىق ساھىب شائىر بۇ مۇخەممەسنى يازدى:

ئاچىلىپ گۈلدەك بولۇپ ئول گۈلئۇزارىم يانەدۇر،
يۈز كەرەشمە ناز ئىلە شىرىن زابانىم يانەدۇر،
تويمۇدۇم ئىشق ئوتىغا تېنىمدە قانىم يانەدۇر،
جىسىم جانىم كۆيسە بىل كۈنى ماكانىم يانەدۇر،
گۈلئۇزارىم شەۋقىدە رۇھى راۋانىم يانەدۇر.

كۆپ جاپا جەۋرى ماڭا ئۆرتەدىڭ جانىمغا سەن،
ئىشىتۇرمۇسەن سەھەرلەر ئاھۇ ـ ئەفغانىمنى سەن،
خەنجىرى ئىشقىڭ بىلە تۆكتۈڭ مېنىڭ قانىمنى سەن،
نىگە ئالدىڭ تەخت ـ بەخت باغى ئايۋانىمنى سەن،
نىتەيىن مەن نى قىلاي سەبرى قارارىم يانەدۇر.

ئىشق ئوتى قايتىپ ماڭا يانىپ كېلەرنى بىلمىدىم،
بۇ زىلەيخا ھالىنىڭ ئۆزىگە بولۇرنى بىلمىدىم،
مەست مۇستەغراق مەن ئەمدى ئۆزەمگە كەلمىدىم،
ئول ياراتقان تەڭرىگە تائەت ـ ئىبادەت قىلمىدىم،
كۆلبە ئەھزاندا يېتىپ ھەسرەتتە جانىم يانەدۇر.

كىم پەلەكنىڭ دەردىنى چەكتى مېنىڭدەك ئۇشبۇ كۈن،
بىلسەم ئېردىم كۆرمەس ئېردىم دەردىنى ئۇشبۇ كۈن،
كۆيدۈرۈپ جانىمغا ئۆتنى سالماس ئېردى ئۇشبۇ كۈن،
ئىشقى ئۇستازى ماڭا سۇ بەرمەس ئېردى ئۇشبۇ كۈن،
ماڭا يوق سەبرى قارار ناموس ئارىم يانەدۇر.

ئەي خۇدا سالما يۇسۇفنىڭ كۆڭلىگە ھىجران داغى،
زارى قىلماقتىن بۆلەك ئىشقىدا مېھمان داغى،
ئىشتىپ گىريان بولۇر كۈللى جاھان قۇلاغى،
ئاڭلىسا ـ ئاڭلىمىسا پەرياد قىلدىم مەن داغى،
دەمبەدەم لەھزە ـ بەلەھزە ئىختىيارىم يانەدۇر.

ئىشق ئوتى ئالەم ئاراغا كەلمىگەيلەر كاشكى،
چۈن بابابانى دىلىمدە كۆيمىگەيلەر كاشكى،
بىز ئىككىمىزدەك كىشىلەر بولمىغايلار كاشكى،
كېچە ـ كۈندۈز زار يىغلاپ ئۆتمىگەيلەر كاشكى،
ئىشق ئوتىنىڭ دەردى بىلە ئۇستىخانىم يانەدۇر.

ئابدۇللا ساقلا ئۆزۈڭنى كۆپتۇر تولا غەۋغا ئىشق،
قىرىلىقتا ئالمىغىل باشىڭغا سەن سەۋدايى ئىشق،

قۇتۇلۇپ ھەرگىز چىقالماس ھېچكىم دەرياىي ئىشق،
تاڭلا مەھشەردە شاپائەت ئەيلەگەي پەرياد ئىشق،
قايىندى - تاشتى يۈرەكلەر ھەر زامان زەردايى ئىشق.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغىلى قىرىق كۈن بولدى. رىۋايەتتە زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەردىدە قىرىق يىل يىغلىدى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىرىق كۈن چىدىيالماي يىغلىدى دەپتۇرلەر.

خۇدايى تائالادىن نىدا كەلدى:

— ئەي جەبرائىل، يۈسۈف سىدىقىمغا مېنىڭ سالىمىنى يەتكۈر. زىلەيخانى ئۆز نىكاھىغا ئالسۇن!

ھەزرىتى جەبرائىل نىدا ئېلىپ كەلدى:

— ئەي يۈسۈف، ساڭا ئاللا تائالانىڭ سالىمى شۇل دۇركى سېنى زىلەيخانى ئالسۇن، دەپ ئەمىر قىلدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنىدانى ئىشىتىپ خوش ۋاقىت بولۇپ مالىك رىيانغا خەبەر بەردى. مالىك رىيان بۇ ھالنى ئاڭلاپ زىلەيخانى ئىبادەتخانىدىن تېپىپ ئەيدى:

— ئەي زىلەيخا، سىزنى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا نىكاھ قىلۇرمىز، توي - تاماشاڭىزلارنى مىسىر خەلقى كۆرسۇن!

بۇ سۆزنى ئىشىتىپ زىلەيخا خوش ۋاقىت بولۇپ، خۇدايى تائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ، سەجدىگە باشىنى قويۇپ خۇدايا، بارچە قۇلنى مۇرادىغا يەتكۈر. مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىڭ، مەندىن بۆلەك كىشىنى قىرىق يىل يىغلاتمىغىل! — دىدى. ئۇ مالىك رىيان بىلەن يۈسۈف

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا ئەرەم ئۆيىنى بىنا قىلىپ زىلەيخانى ئۇل ئۆيگە كىرگۈزۈپ تويغا مەشغۇل بولدى. ئۇ، قىرىق كۈن مىسىر خەلقىگە تائام بېرىپ، توي - تاماشالار قىلىپ، ئاخىرى ئەقدە نىكاھ قۇتبەسىنى ئوقۇتتى، ئىككى ئاشىق بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاقىبەت مۇرادىغا يەتتىلەر.

ئۇشبۇ كۈنى شائىر بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

نە خوش دۆلەت ئىكەندۇر ھەر كىشى جانانىغا يەتسە،
چېكىپ جەبرى - جاپالارنى كۆزى مەستانىغا يەتسە.

يەنە رەنجى مۇشەققەتلەر يولىدا كۆردى ئاپەتلەر،
كۆرۈپ تۈرلۈك ئالامەتلەر كۆڭۈل سۆيگەنىگە يەتسە.

پەلەك ئۇردى ماڭا شەبخۇن① يىقىلدى باشىمە گەردۇن،
كۆرۈپ بۇ دەردىگە دەرمان يەنە ئارمانىغا يەتسە.

مېنىڭ كۆڭلۈم خاراپ ئولدى، يۈرەك باغرىم كاۋاپ ئولدى،
مېنىڭدەك كۆيدۈرۈپ جانىن كىشى جانانىغا يەتسە.

قېرىغاندا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالدى بۇ زىلەيخايى،
خۇداغا كۆز تۇتارمەن بەندە بوستانىغا يەتسە.

قېنى يەئقۇب، قېنى يۇسۇف، قېنى ئۇل شەھرى كەنئانى؟
تاۋاپ قىلغاي ئىدى مىسرى مەگەر پەرۋازىغا يەتسە.

① شەبخۇن - زاۋاللىق

قېنى ئىبراھىم، ئىسمائىل يەنە ئىسھاق نەبىلەر ھەم؟
ئۈممىد قىلدى كى ئابدۇللا مەگەر داناغا يەتسە.

قەلەم ئابدۇللا سەن يازدىڭ يۈسۈف بىرلە زۇلەيخانى
يېتەر مەقسۇدىغا ھەركىم بەسى دۇردانىغا يەتسە.

ئەلقىسسە: ئىككى ئاشىق قوشۇلدى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە يار مۇۋاپىق بولدىلەر. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلىتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى، خالايىقلار ئەدلى ئادالەت بىلەن مەمۇرچىلىق ئىچىدە ياخشى كۈن كەچۈردى.

كەنئان شەھرىدە قەھەتچىلىك پەيدا بولدى. پېقىر مىسكىنلەر مىسىردە جان باقار ئىردى. مىسىردىن بىر نەچچە سودىگەرلەر سودا - سېتىق قىلىپ كەنئانغا باردىلەر. ئۇلار - دىن يەئقۇب پەيغەمبەر مىسىر شەھىرى توقچىلىق ئىمىش دەپ ئىشىتىپ بى رەھىم ئوغلانلىرىنى مىسىرگە ئىبەرمەكچى بولدى. ئەيدىلەركى:

— سىزلەر مىسىرگە بېرىپ يىگىدەك تائام تېپىپ يەنە مىسىر پادىشاھىنى كۆرۈپ كېلىڭلار. بىزنىڭ دىيىمىزدە ئىكەن، ئەھۋالىنى سوراڭلار، قېشىغا كىرىپ ئىززەت - ئىكرام قىلىڭلار!

بۇ ئوغلانلار:

— پۇل بېرىڭ سودا - سېتىق قىلىپ كېلەيلى! — دېدى.

— ئانداغ بولسا مەندىن نامە ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇلۇغ پادىشا ئىرمىش، ياخشى ئېقىللىق كىشى ئىرمىش، يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەرنى سورىغۇدەك، دەپ نامە يېزىپ، مۆ - ھۈرىنى بېسىپ ئوغلانلىرىغا قاراپ دۇئا قىلدى.

ئۇشبۇ مەجلىسدە ساھىپ شائىرنىڭ يەئقۇب پەيغەمبەر-نىڭ نامەسىگە لايىق كەلتۈرۈپ، ئاتمىش بەشىنچى مەجلىس-دە يازغان مۇخەممەسلەرى:

مىسىر شەھەنشاھى دەردىم يۇسۇف بالامدىن بەرخەبەر،
زۇلپى سىيايى ① جۇزئى گۇل ② يۇسۇف بالامدىن بەرخەبەر،
تۇتى سۈپەت سۆزلىگۈچى يۇسۇف بالامدىن بەر خەبەر،
يىل بېشى كەلدى يېقىن يۇسۇف بالامدىن بەر خەبەر،
ئېتى يۇسۇفدۇر ئۇنىڭ كۆرەر كۆزۈمدىن بەر خەبەر.

قىرىق يىل بولدىمكىن ئوغلۇم پىراقىن چەكمىشىم،
ئىزنى ئىزلەپ تاپالماي يوللار يىراقىن چەكمىشىم،
قان يۇتەرمەن كېچە - كۈندۈز ئىشتىياقىن چەكمىشىم،
كۆكسۈمە رشتە ئۈزۈلمەس ھەم مىزاقىن چەكمىشىم،
شاھ سۈپەت خۇرشىد يا ماھى يۈزۈمدىن بەر خەبەر.

يىغلىغانىمدىن ھېمىشە كور بولۇپتۇر بۇ كۆزۈم،
قالمىدى نۇرى ئاقارىپ ئىشتىياقىدا كۆزۈم،
بەرق يەڭلىغ ئاقارىپ ساچىم، ساقالىم ھەم كۆزۈم،
كۆرمىسەم ھەم كەلسە ئېردى شۇنداق ئاقىدا كۆزۈم،
ماڭا بۇ ئالەم قاراڭغۇ كۈندۈزۈمدىن بەر خەبەر.

تاقىتىم يوق ھەسرىتىم بىھەت بولۇپدۇر ۋاي - ۋاي،
ئوغلىنىڭ دەردى پىراقىدا بولۇپدۇر ۋاي - ۋاي،
بەيتۇللا ھەزەن ئىچىندە ئولتۇرۇپدۇر ۋاي - ۋاي،

① زۇلپى سىيايى — چېچى قارا ② جۇزئى گۇل — گۇل بەدەن.

شۇنداغ ھەم بولسا يولىدا تەلمۈرۈپدۇر ۋاي - ۋاي،
ئاپتابى زوھرە يەگلىغ يۇلدۇزۇمدىن بەر خەبەر.

غەيرىدىن مەن بىر خەبەر ئاڭلاپ ئىردىم ھەم بىر كۈنى،
ئويلۇدۇم يەئقۇب نەدە كۆرسە يۇسۇفنى بىر كۈنى،
نەچچە مۇددەتتىن ئىشتىمەسىمەن خەبەرنى بىر كۈنى،
يۈرەگىمدە قالمىدى بىلسەڭ ئەگەر دەم بىر كۈنى،
ھىچنىمەرسە كۆپ ماڭا لايىق قوزامدىن بەرخەبەر.

پادىشاھى مىسرىنىڭ ئىيتقان سۆزى يالغانمۇكىن؟
يا مىنىڭ ھالىمغا رەھىم ئەيلەپ كۆڭۈل ئالغانمۇكىن؟
يا تاماشا قىلغىلى غەۋغا ماڭا سالغانمۇكىن؟
ھىچ كىشىنى مەن كەبى ھىجران ئادا قىلغانمۇكىن؟
بۇ سۆزۈم چىن بولمىسا تاڭلا ئۆزەمدىن بەر خەبەر.

يۇسۇفىمنى ئەيتا - ئەيتا قىل - قالىم قالمىدى،
ئەمدى ئولتۇرۇپ قوپارغا زەررە ھالىم قالمىدى،
ھىچ نىمەنىڭ لەززەتىن كۆرمەي ماجالىم قالمىدى،
قۇش بولۇپ ئۇچاي دىدىم دەم - دەم قاناتىم قالمىدى.
تاڭ سەھەرلەر تولغۇنۇپ كەتكەن قوزامدىن بەر خەبەر.

ئاھۇ ئەپغان ئەيلىدىم دائىم سىنى ئويلاپ يۈرۈپ،
كىچە - كۈندۈز كور باباڭنى دىللىرى بىھەت كۈيۈپ،
كىمگە ئىيتىپ كىمگە يىغلاي بۇ ئىزىز جاندىن تويۇپ،
قىلدىلەر سەندىن جۇدا شەيتان ماڭا چاڭگال ئۇرۇپ،
راھەتى جانىم مىنىڭ شىرىن سۆزۈمدىن بەر خەبەر.

ئابدۇللا قىلدى داستان ئىلى ئەھلىگە دەپتەر يەنە،
يەئقۇب يۇسۇفنىڭ دەردىگە كۆڭلى ئۇنىڭ ئەپتەر يەنە،
ھەسبە ھالى ئۆرتۈنۈپ سالدى ئەلەم كەمتەر يەنە،
بۇ خەبەر يالغان ئەمەس قىلما ھېنى مەسخەر يەنە،
چىن ئىشتكەنلەر دۇئا بىرلە كۆڭۈلدىن بەر خەبەر.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام نامە يېزىپ ھەم ئوغلانلىرىغا ئەدەپ - ئىكرامنى ئۆگۈتۈپ، مال - جابدۇقلارنى تەييارلىتىپ، ئۇلارنى مىسىرغا ئېۋەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون بىر ئوغلى مىسىر شەھرىگە يېتىپ بېرىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇپ ئاتىسىنىڭ نامەسىنى يۇسۇفكە تاپشۇردى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە نىقاپ بار ئىردى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام سورىدىكى:

— سىلەر كىم بولۇرسىزلەر؟ نىمە سەۋەپ بىلەن كېلۇرسىزلەر؟

ئوغلانلار ئەيدىكى:

— خۇدانىڭ قۇلى يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرى دۇرمىز. يۇرتىمىز كەنئان. ئەي پادىشاھى ئالەم بىزنىڭ قىسسىمىزنى ئاڭلىغانسىز؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئاتىڭىزلاردىن قانچە ئوغۇل؟

ئوغلانلار ئەيدى:

— ئون ئىككى ئوغۇل ئىردۇق. بىرىنى بۆرى يېدى، ھازىر ئون بىر ئوغۇل بار.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ھەممىڭىزلار بىر ئانىنىڭ بالىسىمۇ؟
ئوغلانلار ئەيدى:
— بىزلەر توققۇز ئوغۇل بىر ئانىدىن. يۇسۇف، ئىبنى يەمەن ھەم بىر سىڭلىسى بىر ئانىدىن.
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— ئىككىنچى مەرتىبە كەلسەڭلار ئىبنى يەمەننى بىللە ئېلىپ كېلىڭلار!
يۇسۇف ئىنىسىنى كۆرەي، دەپ، ئۇلارنىڭ تاغارلىرىغا بۇغداي قاچىلاپ، ئېلىپ كەلگەن ماتالىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ نامە يېزىپ بەردى. نامەدە:
«مېنىڭ كۆڭلۈم بۇلارغا ئىشەنمىدى. ماڭا يۇسۇفنى بۆرى يېدىمۇكىن يا قاراقچى ئالدىمىكىن دەيدۇ، پەيغەمبەر زاتىنى نېچۈك بۆرى يىسۇن؟ دېسەم، يۇسۇف يالغانچى، ئوغرى، قاچقاق ئېردى، دەيدۇ. بۇلار يالغانچى ئىكەن! ئىككىنچى مەرتىبە يۇسۇفنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمەننى قوشۇپ ئىبەرتىڭ. بىر كۆرەيلى، ئىخلاسىمىزنى زىيادە قىلايلى. بىزلەر ھەم سىزنىڭ دىتىڭىزدە ئېرۇرمىز، سىزنى كۆرمەككە ئىخلاسىمىز بار. مۇبارەك قەدىمىڭىز تەبەرۇك بولسۇن! بىزگە دۇئا قىلىڭ، ئىنشا ئاللا يۇسۇف بالىڭىز تېپىلسا ئەجەپ ئېرمەس. مەگەر يۇسۇف تېپىلسا ئەلبەتتە ئىنىسىگە قوشۇپ يېنىڭىزگە ئىبەرۇرمىز»، دەپ يازدى.
ساھىپ شائىر يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نامەسىگە قوشۇپ، ئۇشبۇ مەجلىسدە بۇ ئەبياتنى يازدى:
يەئقۇب نەبى تەۋەككۈل قىل خۇداغا،
ساڭا دەرمەن يۇسۇف ئوغلۇڭ ئاماندۇر.

رىزا بولۇڭ بالا بىرلەن قازاغا،
سەبرى ئەيلەڭ يۈسۈف ئوغلۇڭ ئاماندۇر.

چىن ئاشىقلار مۇرادىغا يەتكەندۇر،
مۇنداغ ئىشلار ھەر كىشىدىن ئۆتكەندۇر،
بەزىلىرى پەلەك ئويناپ كەتكەندۇر،
سېنىڭ ئانداغ سۇلتان ئوغلۇڭ ئاماندۇر.

يۈسۈف دەرسەن كۆرەر كۆزۈم روشنى،
باھار ۋاقتىدا گۈل ئېچىلسا گۈلشنى،
كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ئۆزگە بوستاننى،
چىمەنلەردە بۇل بۇلبۇلۇڭ ئاماندۇر.

غەم يېمىگىل يۈسۈف ئامان بار ئېرمىش،
ئاتاسىنىڭ جامالىغا زار ئېرمىش،
ئاڭا ھەقنىڭ تەجەللىسى ياغارمىش،
بەلەند ئاۋاز ئول ئوغلىڭىز ئاماندۇر.

مىسىر شاھى ئىشىتسىڭىز ساناسىن،
يېتەرمۇكىن سىز ئېرزىنىڭ دۇئاسىن،
كېچۈرگەيسىز بۇ بەندىنىڭ گۇناسىن،
كۆنلەر ئۆتەر خوش ئوغلىڭىز ئاماندۇر.

يەئقۇپ نەبى ئەمدى ھازىر سەبرى ئېتىڭ،
يارلىق بولسا مۇرادىڭىزغا يېتىڭ،

كۆرۈشكەندە غەم كۆڭۈلنى شاد ئېتىڭ،
ئەلھال يۇسۇف شىرىن سۆزلۈك ئاماندۇر.

ئابدۇللا كۆر، قىشلار كەتتى، ياز كەلدى،
يەئقۇب نەبى پۇرقەت شارابىن ئىچتى،
كۆڭۈل ۋاقتى ۋىسالىغا يېتىشتى،
يىل ئەۋۋەلى يۇسۇف ئوغلۇڭ ئاماندۇر.

ئەلقىسسە: بۇ سۆزدىن كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام نامەنى ئاغىلىرىغا بەردى، ئاغىلىرى نامىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەنئانغا سالامەت يېتىپ كېلىپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىسى بەيتۇللا ھەزەندە ئىبردى. ئۇلار ئاتىسى بىرلە سالامەتلىك-لىرىنى سورۇشۇپ بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بايان قىلدى. مىسىر پادىشاسىنىڭ سېخىلىغىنى تەرىپ قىلدى.

يەئقۇب پەيغەمبەر ئەيدىلەر:

— ئاراڭلاردا شەمئۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ئوغلانلار:

— پادىشايى مىسىر ئېلىپ قالدى، سىزگە ئەسەنىمدى. ماڭا نامە كەلتۈرۈڭلار دەپ سىزگە نامە ئىسبەردى دەپ ئاتىسىنىڭ قولىغا نامەنى بەردىلەر. ئۇلار، يەنە بارساق ئىبنى يەمەننى بىزگە قوشۇپ بېرىڭ! مەگەر يۇسۇفنى تاپسا قېتىپ بەرمەكچى ئىكەن، يەنە بىر نامە يېزىپ بەرسىڭىز، ئىبنى يەمەننى ئېلىپ بارساق ئۇنىڭ ھەم بەختى ئېچىل-سۇن! — دېيىشتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئىبنى يەمەيمەن، ئۆزەڭلار بېرىڭلار!
ئوغلانلار ئەيدى:
— بىزگە يەنە بارماق زۆرۈردۇر.
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
— سىزلەر بىرىپ شەمئۇننى ئېلىپ كېلىڭلار، ئىبنى يەمەن بارالماس، بارسا مىنىڭ كۆڭلۈم تىنماس. يۇسۇفنى ئېلىپ چىقىپ يوقاتتىڭلار، بۇنى ئېلىپ چىقىپ يەنە يوق قىلۇرسىزلەر.
يەھۇدا:
— مەن ئۆزەم كېپىل بولاي. تىرىك بولسام مەن ئۆزەم ئېلىپ كېلەي! — دەپ قەسەم ئىچتى.
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىلاجىسىز رۇخسەت قىلدى ۋە بىر نامە يېزىپ بەرمەكچى بولدى.
ساھىپ شائىر يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نامەسىگە لايىق كەلتۈرۈپ، ئاتمىش يەتتىنچى مەجلىسدە بۇ ئەبياتنى يازدى:

بابام ئىبراھىم ئىسمائىل، ئاتامدۇر ئىسھاق،
قىرىق يىلدۇر ئوغا ماڭا نۇش بولدى.
مەن بىلمىدىم يۇسۇف قايدا، يول يىراق،
نامە سۆزىن ئاڭلاپ كۆڭلۈم خوش بولدى.

قىرىق يىلدۇر پىراقىدا ئۆلمىدىم،
دەردىمنى مەن ھېچكىشىگە ئېيتمىدىم،
ئەمدى يەنە بىر خۇداغا سىغىندىم،
قانداق قىلاي ماڭا ئەمدى خوش بولدى.

باغرىم قانى كۆزدىن ئېقىپ يىغلىسام،
ھىجران ئوتى بىرلە يۈرەك داغلىسام،
تاكۆرگىچە بەللىرىمنى باغلىسام،
بۇ كۆڭۈلگە تۈرلۈك خەبەر خوش بولدى.

ئۇنى ئىزلەپ مىنىڭ ھالىم خاراپدۇر،
بىلمەم بۈگۈن مىنىڭ باغرىم كاۋاپدۇر،
جۇدالىقنىڭ ئوتى يامان ئەلەمدۇر،
قايدىن ماڭا بۇ خەبەرلەر خوش بولدى.

ھەركىم كۆرەر بۇ ئەلەمنى ئېر بولۇر،
چېكەر ئاھدۇر گاھىدا سەير بولۇر،
مىسرى شاھى نامەلىرى دۇر بولۇر،
سەبرى ئەيلەسە ھەركىمەرسە خوش بولدى.

قورقادۇرمەن لەھزە قىيلۇ - قالىغە،
يەئقۇب كۆرەر نامەگىزنىڭ بالىغە،
كىم يېتەر بۇ يەئقۇبنىڭ ھالىغە،
خۇدا ئۆزى ئاخىر بىر كۈن خوش قىلدى.

ئابدۇللا سەن سۆزلە شەۋقى مۇھەببەت،
بىلسەم ئەگەر بۇ نامەدىن ئال ئىبرەت،
يولغا كىرىپ ئاشىقلارغا قىل غەيرەت،
شائىرلىقنىڭ ئالامىتى جۇش بولدى.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىغا:

«ياخشى نامىڭىزنى ئاڭلاپ يۈسۈفنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمەننى ئاغىلىرىغا قوشۇپ خىزمەتخانىلىرىغا ئىبەردىم. يۈسۈفتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىبنى يەمەن ماڭا ھەمرا ئېردى، مۇندىن ئۆزگە سۆزۈم يوق. يۈسۈفنى تەھقىقلەپ، تېپىلسا ئەلبەتتە ئىبەرۈرسىز. مەگەر تېپىلمىسا ئىبنى يەمەننى ماڭا دەرھال ئىبەرسىڭىز! يەنە ھەممە ئوغلانلىرىمغا مېھرىبانلىق قىلغۇرسىز!» دەپ دۇئايى سالام ئىبەردىلەر. يەنە ئوغلانلىرىغا: مىسىرغا يەتكەندە دەرۋازىدىن كىرىش چېغىدا ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرىڭلار! — دەپ ئەيدى.

ئوغلانلار يولغا چىقىپ نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ مىسىرغا داخىل بولدىلەر. ياساۋۇللار بۇلارنى كۆرۈپ پادىشاغا خەبەر يەتكۈردىلەر. بۇلارنىڭ ئىككىسى بىردىن دەرۋازىغا قاراپ يۈردى. ئىبنى يەمەن دەرۋازىدا يالغۇز قالدى. ئىبنى يەمەن، مېنىڭ يۈسۈف ئاغام بولغان بولسا مەن ھەم بىللە يۈرەر ئېردىم دەپ ئويلىدى.

ئىبنى يەمەننىڭ يالغۇز قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، ساھىب شائىرنىڭ ئاتمىش سەككىزىنچى مەجلىسدە يازغان مۇخەممەسلەرى:

مۇساپىرمەن يالغۇز قالدىم ئاغام بولسا،
يا بولمىسا بۇ يەرلەرگە كەلمەس بولسا،
بۇ ھالىمنى بىر كىمەرسە بىلمەس بولسا،
يۈرەر ئېردى مېنىڭ بىرلە ھازىر بولسا،
كىرەر ئېردىم مېنىڭ يۈسۈف ئاغام بولسا.

تولا يەردۇر قايان بارغۇم بىلەلمەسمەن نى ئىش قىلغۇم،
يېتەلمەي ئەسلى مەقسەتكە يەنە يوللار ئارا قالغۇم،
ئاغامدىن ئايرىلىپ ئەمدى زىيادەدۇر مېنىڭ قايغۇم،
كىشىم يوقتۇر ئىشتكۇدەك بۇ ھەسرەتلىك دىلىم ئالغۇم،
بارايكى كۈن ئۆتەر دۇنيادا دۆلەتلىك ئاغام بولسا.

كىشىم يوقتۇر ماڭا ھەمرا يولۇم كىمدىن سوراغ ئەيلەي،
بۇ يەرنىڭ جايىنى بىلمەي نەيەرلەردىن سوراغ ئەيلەي،
تىرىكمەن ئول ئاغامنىڭ پىكرىدە كۆكسۈمنى باغ ئەيلەي،
باياۋانلارنى ئىزلەپ دەشت ـ سەھرالاردا زاغ ئەيلەي،
ئۆزەمنى بۇلبۇل ئەيلەرمەن گۈلىستاندەك ئاغام بولسا.

ئاغامنى ئىزلىدىم تەنھا ۋە تەنلەرنى خاراپ ئەتتىم،
نە يەردە بار ئىكەن دىدىم كىشلەردىن سوراپ كەتتىم،
كۆرەرمەن دەپ شىتاپ ئەيلەپ كۆڭۈلنى ئىزتىراپ ئەتتىم،
ئاغامنىڭ ئىشتىياقىدا دىلى ـ جانىم كاۋاپ ئەتتىم،
تېپىلسا بۇ ئۈمىد بىرلە نە ئارمانىم ئاغام بولسا.

قىلىپ ئىبنى يەمەن ئابدۇللا ئول دەرۋازىدا يالغۇز،
نە يەرلەرگە بارارىن بىلمىدى ھەم نازدا يالغۇز،
يۈرەكىگە بولۇپ ئاندا نەچچە دەردى ئەلەم يالغۇز،
ئۆز ئالدىغا يىغان ئەيلەپ بۇ غەمدە قالدى ئول يالغۇز،
ماڭا باغى ئەرەم ئېردى چىمەن گۈلدەك ئاغام بولسا.

ئەلقىسسە: ئىبنى يەمەن يىغلاپ تۇرغاندا ھەق تائاللا
جەبرائىلغا نىدا قىلدى: بارغىل سىدىقىم يۈسۈفكە سالىمىنى

يەتكۈرگىل. ئىبنى يەمەن كېلىپ دەرۋازىدا يالغۇز قالدى،
يۈسۈف ئۆزى بېرىپ ئېلىپ كەلسۇن!

جەبرائىل بۇ ئىدانى يەتكۈردى. يۈسۈف ئەلەيھسسالام خوش ۋاقىت بولۇپ، لىباسلىرىنى كىيىپ بىر تىيۋەگە مىنىپ قەھرى بىرلە دەرۋازىغا يۈزلەندى، كۆردىكى: ئىبنى يەمەن نالە قىلىپ تۇرادۇر. يۈسۈف ئەلەيھسسالام ئىنىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئەرەپ تىلىدا سالام قىلىپ سورىدى:

— ئەي غېرىب بىچارە، قايدىن كېلۇرسەن، قايدا بارۇرسەن. نە سەبەبدىن مۇندا كېلىپسەن، نىمە يىغلايسەن؟

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— مەن خۇدانىڭ قۇلى يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدۇرمەن.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام سورىدى:

— ئاتىڭىزنىڭ قانچە ئوغلى بار؟

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— ئون ئىككى ئوغلى بار ئېردى. بىرىنى بۆرى يېدى. ئون بىرى قالدى. مۇندا پادشانىڭ يېنىغا كېلىپ ئېردۇك، ئاغىلىرىم ئىككىدىن بۆلۈنۈپ دەرۋازىغا باردى، مېنىڭ ئاغام يوق، بۇ يەردە يالغۇز قالدىم.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام ئەيدى:

— يۈرگىل مەن سېنى ئېلىپ كىرەي. ئاغىلىرىڭ بارىدىغان جايىنى ساڭا كۆرسىتەي، ئىنشائاللا ئاغاڭنى كۆرەرسەن! مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئېردى، نەچچە يىل بولدى يۈتۈپ كەتتى. يول ئۇزاق، كۆرگىلى بولمايدۇر. يېقىندا خەبىرى كەلدى، ئۇنى كېلەدۇر دەپ يولدا قاراپ تۇردۇم.

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— ئىنىڭىزنىڭ دەردى مېنىڭ دەردىم بىلە بارابەر كەلدى، سىزنى ئىنىڭىزگە قوشسۇن، مېنى ئاغامغا قوشسۇن!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئالدىدا، ئىبنى يەمەن كەينىدە يۈردى.

شۇل ئەسنادا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمەنگە قاراپ يۈرگىنىگە لايىق كەلتۈرۈپ، ساھىپ شائىر ئاتمىش توققۇزىنچى ئەبياتنى يازدى:

ئىبنى يەمەن قانداق سېنىڭ ئەھۋالىڭ،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.
ئىنىم ئۈچۈن ئۆزەم ئالدىڭغا باردىم،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئاغاڭ ئىسمى نە بولادۇر ئەي جانىم،
ئاتىن ئەيغىل ماڭا بولسۇن ئايانىم،
كۆز ياشىمنى قىلۇر ئېردىم راۋانىم،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئىبنى يەمەن ئاندا كۆڭلى بۇزۇلدى،
ئاتى يۈسۈف چىمەنلەرنىڭ بۇلبۇلى،
جۇدا بولدۇم ئاندىن مەندەك بىر گۈلى،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

يۈسۈف ئەيدى: قانداق جۇدا بولۇپسەن،
فىراقىدا ھەسرەت كۈنى كۆرۈپسەن،

شۇنچە يىلدىن بېرى قانداق يۇرۇپسەن،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئىبنى يەمەن ئەيدى: ئالداپ ئالدىلەر،
سەھرالارغا ئۇنى ئېلىپ باردىلەر،
بۆرى يىدى دىدى يىغلاپ كەلدىلەر،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

يۇسۇف ئەيدى: تونتۇرمۇسەن ئاغاڭنى،
يا بىر كىشى ئوخشاشمىكەن بىل ئۇنى،
كۆرسەڭ ئۇنى كۆرسە سېنى ئول كىشى،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئىبنى يەمەن ئەيدى: بارمۇ بىر دېرەك؟
ئاندىن ئۆزگە ماڭا ئەمدى نە كېرەك؟
باردى كەنئان ئارا كارۋان بىر زېرەك،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

يۇسۇف ئەيدى: سەن يېتەرسەن مۇرادە،
تالىيىمدىن مەن ھەم يېتەي مۇرادە،
يەتمەس بولسا ھەر كىمەرسە پىيادە،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئابدۇللا سەن مۇنداغ نەزمە يازارسەن،
ئوردىغىچە بېيىت ئوقۇپ بارارسەن،

ئىبنى يەمەن سەن ئاغاڭنى كۆرەرسەن،
يامان قاتتىق ئىكەن دەردى جۇدالىق.

ئەلقىسسە: ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى بۇ لەزىمىنى ئوقۇپ ئوردىغا كەلدى. يۈسۈف قولىدىكى قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى ئىنىسىنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى. ئىبنى يەمەن بۇ يەردە ئاغىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئاغىلىرى ئىبنى يەمەندىن سورىدى:

سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

ئىبنى يەمەن:

— مېنى تىيۈەلىك كىشى ئېلىپ كەلدى دەپ قولىدىكى ئۈزۈكنى كۆرسەتتى.

يەھۇدا ئەيدى:

— ماڭا بەرگىن، مەن ساقلاپ بېرەي. سەن يىتتۈرۈپ قويىسەن!

ئىبنى يەمەن ئۈزۈكنى يەھۇدىغا بەردى. يەھۇدا قولىغا سېلىپ ئېردى. ئۈزۈك ئۆنىڭ قولىدىن غايىپ بولدى. ھەممە ئاغىلىرى ھەيران بولۇپ قارىسا ئۈزۈك يەردە تۇرۇپتۇ. ھەممە ئاغىلىرى قولىغاسېلىپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسىدا تۇختىماي يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئاخىرى يەمەننىڭ قولىدا تۇختىدى.

بۇ كارۋانلار شەھەر سارايلىرىغا چۈشتى. پەيغەمبەرزادىلەر شەھەرگە كەلدى دىگەن خەبەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. بۇلارنى يۈسۈف ئوردا زىياپىتى بىلەن مېھمان قىلدى. ئاغىلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يازغان نامەسىنى

يۈسۈفكە تاپشۇردى. يۈسۈف ئەلەيھسسالام نامىنى ئوقۇپ مىسرنى بىلدۈرمىدى.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام سورىدى:

— نامەدە يۈسۈف تىرىك بولسا خەبىرىنى بەرسۇنلەر، دەپتۇ.

ئاغىلەر ئەيدى:

— ھەممە سۆزنى ئبنى يەمەندىن سورىسلا.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام ئەيدى:

— پەيغەمبەر زادە ئاغاڭنى بۆرى يىگىنى راستمۇ؟

ئبنى يەمەن ئەيدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇلارنىڭ بارچىسى ئاغامنى سەھراغا ئېلىپ باردى، ئاتامغا بۆرى يىدى دەپ كەلدى. ئاغامنى شۇندىن بېرى كۆرگىنىمىز يوق. شول سەبەبدىن ئاتام گۇماندا يۈرۈپتۇر، ھەرگىز ئۇمىد ئۈزمەيدۇر.

ئاغىلار ئەيدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىنىمىز يالغانچى!

يۈسۈف ئەلەيھسسالام ئەيدى:

— بۇ مېھمانلارنى سۈرەت بار ئۆيگە باشلاپ كىرىڭلار!

ئاغىلار يۈسۈف ئەلەيھسسالامنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ شەرمەندە بولۇپ، ئەقلى - ھۇشىدىن كەتتى.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام بۇلارغا تائام كەلتۈردى، ھەر ئىككى كىشىگە بىر تاۋاقدىن تائام قويدى. ئاغىلار جۈپلىشىپ تائامغا قول سالدى. ئبنى يەمەن ئۆزى يالغۇز قالدى، ھەرگىز تائامغا قول سۇنمىدى.

يۈسۈف ئەلەيھسسالام پادىشالىق سۈپىتى بىرلە پەردىنىڭ ئىچىدە ئۇنى كۆرۈپ ئولتۇردى. دىدىكىم: ئەي كەنئانى،

نىمە بولدۇڭ؟ تائام يېمەسسەن؟ ئاغرىدىڭ يىدى، ساڭا نىمە ئالامەت كەلدى؟

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— مېنىڭ ئاغام بولسا بىرگە يەر ئىدىم. ئاغام ئېسىمگە كېلىپ تائامنى يىگىم كەلمىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:

— ئانداغ بولسا مېنىڭ يېنىمغا كەل. مېنىڭ بىرلە بىرگە تائام يىگىل دەپ، ئۇنى پەردىنىڭ ئىچىگە ئالدى. ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىسىنى تائامغا تەكلىپ قىلدى.

شول ئەسنادا ساھىپ شائىرنىڭ پادىشا بىرلەن ئىبنى يەمەننىڭ دىدار كۆرۈشكىنىگە لايىق نەزم قىلغانلىرى:

ئىبنى يەمەن:

مەن بىر غېرىپ، مەنئى قىلماڭ ئىزدىدىم،
پەلەك ئاتام ئۆمرىن تامام قىلىپدۇر.
سۆزۈم ئاڭلاڭ شاھ مىسرى تىمىزدىم①،
كۆرەر كۆزۈم يۇسۇف ئاغام كېتىپدۇر.

يۇسۇف:

يەئقۇب ئوغلى يىغلىمىغىل بۇ يەردە،
مۇرادىڭنى دىگىل ئاغاڭ بولايىن،
ئادىل پادىشا داۋا قىلۇر ھەر يەردە،
يىغلىمىغىل بۈگۈن ئاغاڭ بولايىن.

---

① تىمىزدىم — گىزدىم.

ئىبنى يەمەن:

بولار بارچە ئاغا ـ ئىنى ئاماندۇر،
قىلغان سۆزى بىر ـ بىرىگە ئاياندۇر،
ئەيسپ ئەيلەمەك ماڭا ئاخىر زاماندۇر،
بولدۇم غېرىپ يۇسۇف ئاغاڭ كېتىپدۇر.

يۇسۇف:

ھەر كىم كۆرسە بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىن،
ئاخىر كۆرەر بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىن،
كەل قېشىمغا كۆرگىل كۆزۈم ساپاسىن،
غەم يىمىگىل بۈگۈن ئاغاڭ بولايىن.

ئىبنى يەمەن:

مەن بىلۇرمەن ھالا ئاغام بولۇرسىز،
ئىملداشىم قاچان ئاغام بولۇرسىز،
بۇ دەردىمگە نىچۈك داۋا قىلۇرسىز،
مەن ئېيتايىن يۇسۇف ئاغام كېتىپدۇر.

يۇسۇف:

ئاغاڭ بولسا مەندىن ئارتۇق بولماسدۇر،
مېنىڭ كۆڭلۈم سېنى غېرىپ دىمەسدۇر،
ھىچكىم ساڭا مەندەك يېقىن ئەمەسدۇر،
سەن ئويلىما بۈگۈن ئاغاڭ بولايىن.

ئىبنى يەمەن:
بىر- ئىككى كۈن ئانداغ ئاغام بولدىڭىز،
ئاغامدىن ھەم ئارتۇق مېنى سۆيدىڭىز،
مەن كېتەرمەن سىز ھەم مۇندا قالۇرسىز،
دەردىم كىمگە ئېيتاي ئاغام كېتىپدۇر.

يۈسۈف:
ئاغاڭ ئىچۈك تەرىپىنى بايان قىل،
يەنە ھۆسنى - جامالىنى ئايان قىل،
ئۆمىد بىرلە شەيدايىنى گۇمان قىل،
ئىبنى يەمەن بۆگۈن ئاغاڭ بولايىن.

ئىبنى يەمەن:
ئاغام خەلق پىرىشتەدىن زىيادە،
جامالىغا پادىشاھلار پىيادە،
مىسىرى شاھى يالغان ئەمەس بۇ يەردە،
باغرىم كاۋاپ يۈسۈف ئاغام كېتىپدۇر.

يۈسۈف:
راۋا ئەمەس ئاغاڭ بولۇر يىغلىما،
پۈرقەت ئوتى بىرلە يۈرەك داغلىما،
ئۆمىد ئەيلە، نائۆمىدنى خاھلىما،
سەبرى ئەيلەگىل بۆگۈن ئاغاڭ بولايىن:

ئىبنى يەمەن:
مەن ئېيتايىن يىغلار ئۇنىڭ ئاتاسى،
كۆزى يولدا يوقۇلۇپتۇر بالىسى،
كۆپتۇر دەرمەن ئۇنىڭ كۆرگەن جاپاسى،
قانداق قىلاي يۈسۈپ ئاغام كېتىپدۇر.

يۈسۈپ:
مىسىر شاھى ساڭا بولسا مېھرىبان،
كەنئانىلەر ئوغلان سىزگە نە ئارمان،
قىلاي ئېھسان ساڭا مالى پاراۋان،
بىلمىسەڭ ھەم بۈگۈن ئاغاڭ بولايىن.

ئىبنى يەمەن:
مىسىر شاھى دۆلەت بىرلە سەن مۇندا،
مېنىڭ ئاتام كەنئان يۇرتى يولىدا،
ئاغام ئۇچۇن مېنىڭ كۆكسۈم ئەلەدە،
مەن بىلمىدىم ئاغام قايان كېتىپدۇر.

ئەي ئابدۇللا يۈسۈپ كۆرگەن جاپانى،
ئاخىرىدا كۆردى يەنە ۋاپانى،
ئوقۇپ كۆرگىل ئاشىقلاردا سافانى،
ئەقلى ھۇشۇم پاراسەتلەر كېتىپدۇر.

ئەلقىسسە: پادىشا ئىبنى يەمەن بىرلە سۆزلىرىنى تامام قىلدى. پادىشا ئىبنى يەمەننى پەردىنىڭ ئىچىگە ئالغىنىغا

تەھسىن قىلدىلەر. ئۇلار: قەيەردە بولسا يۇسۇپ بىرلە ئىبنى يەمەن ئېزىز بولادۇر دېيىشتى. شول ئەسنادا بىر شامال پەيدا بولۇپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نىقابىنى كۆتەردى، ئىبنى يەمەن كۆرۈپ، ئۇشبۇ كىشى مېنىڭ ئاغام بولسا كېرەك دەپ ھوشىدىن كەتتى. يەنە ھوشىغا كېلىپ ئاغا ـ ئىنى بىر ـ بىرىنى تونۇشۇپ كۆرۈشكەندە، ساھىپ شائىر بۇلار ـ نىڭ دەردى ھەسرەتلىرىنى يەتمىش بىرىنچى مەجلىسدە مۇنداق نەزم قىلدى:

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:

شۈكرى ئاللا قادىر ئىگەم بار ئىكەن،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن،
ئاغىسىغا كىم مېنىڭدەك زار ئىكەن،
دىدارىڭىز كۆرەركۈنلەر بار ئىكەن.

يۇسۇپ ئېيتۇر:

غەم ـ غۇسسەلەر ئەمدى بىزدىن كېتىشتى،
ئىنتىزارلەر بىر ـ بىرىگە يېتىشتى،
ھەسرەت كۈنى مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:

كېچە ـ كۈندۈز پىراقىڭدا يىغلىدىم،
پىراقىڭدا جانىم ـ دىلىم داغلىدىم،

ئۈمىد بىرلە يولىڭىزغا قارىدىم،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

يۈسۈف ئېيتۇر:
دائىم مادام چىقارمىدىم كۆڭۈلدە،
كېچە ـ كۈندۈز كۆزۈم ئىدى يولۇڭدا،
يۈسۈف ئاغام ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:
يولۇقمىدىڭ نە چۈشۈمدە، ئوڭۇمدا،
خازان ئىدى گۈل ئاچىلدى باغىمدە،
ئەمدى ئۈمىد ئۈزدۈم دىگەن چېغىمدا،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

يۈسۈف ئېيتۇر:
جاپالارنى كۈتەرگۈچى باردۇر،
بۇ قىسسەلەر بىزدىن ئەلگە ياردۇر،
دوستلار ئاتلىق، دۈشمەنلەر پىيادەدۇر،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:
تاغدا ئۈنەر ئەمدى ئىگىز قارىغاي،
كەتتى قەپەز ئىچىندىكى تورغاي،

ئاغام مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىغاي،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

يۈسۈف ئېيتۇر:
تاغ ئىچىندە تۈمەن - تۈرلۈك كان بولۇر،
مۇشەققەتلەر ھەركىشىگە نان بولۇر،
جاپا كۆرسە ئاخىرىدا شاد بولۇر،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:
باياباندا ئالا يېشىل گۈلى بار،
ئىبنى يەمەن ئەمدى سۆزلەر تىلى بار،
مىسىر شاھى بولۇر ماڭا مەدەتكار،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

يۈسۈف ئېيتۇر:
باياباندا ئىستەر ئىدى لالىنى،
سېنىڭ ئۈچۈن ئاغاڭ قىلدى نالىنى،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈپ بىھەد ژالىنى،
دىدارىڭىز كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن ئېيتۇر:
باياباندلار باغى - بوستان زىننىتى،
بۇلبۇللارنىڭ گۈلنى كۆرمەك نىيىتى،

مېهنەت كېتىپ كەلدى يەنە دۆلتى،
دىدارىڭىز كۆرەر كۆنلەر بار ئىكەن ـــ

يۈسۈف ئېيتۇر:
باياباندلار بەلەند تاغنىڭ قاشىغا،
جۇدا بولسا كۆزى بۇلاق ياشىغا،
لۇتف ئەيلەسە يېتىپ كېلەر قاشىغا،
دىدارىڭىز كۆرەر كۆنلەر بار ئىكەن.

شائىر ئېيتۇر:
ئابدۇللادەك مۇڭلۇق ئادەم بولۇرمۇ؟
گۈل ئاچىلماي غۇنچەسىدە توزۇرمۇ؟
ھەمىشىلا غەم ـ قايغۇلار ئېزەرمۇ؟
دىدارىڭىز كۆرەر كۆنلەر بار ئىكەن.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بېشىغا كەلگەنلىرىنى بىر ـ بىر بايان قىلدى، ئىبنى يەمەنگە ئەيدىكى: مەن سېنى بىر باھانە بىلەن ئېلىپ قالاي!

ئىبنى يەمەن ئەيدى:
ـــ ھەرنە قىلساڭ رازىدۇرمەن.
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:
ـــ بۇ سۆزنى پىنھان تۇتقىل.
پادىشا ئاغىلىرىنى قىچقىرىپ:
ـــ سىلەر كەنئانغا قايتىڭلار. ئاتاڭلار ئەندىشە قىلىپ قالمىسۇن، ـــ دىدى. يەنە ۋەزىرگە:

— بۇلارغا ئاشلىق قاچىلاپ بەر، مېنىڭ ئالتۇن جامىمنى ئىبنى يەمەننىڭ تاغىرىغا سېلىپ قويغىن! — دىدى.

ۋەزىر خوپ بولۇر دەپ ئاغىلارغا بۇغداي قاچىلاپ بېرىپ، ئالتۇن جامنى ئىبنى يەمەننىڭ تاغىرىغا سېلىپ قويدى. ئاغىلار يولغا راۋان بولدى، ئىككى كۈنلۈك مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، پادىشا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلار مېنىڭ جامىمنى ئوغۇرلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ، ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ، قىرىق لەشكەر ئېۋەتتى.

بۇلار ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ ئۇلارغا ئەيدى:

— سىزلەرنى پادىشاھ ئىززەت - ئىكرام قىلسا، پادى-شانىڭ ئالتۇن جامىنى ئوغۇرلاپ كېتىپسىزلەر. ئۇشبۇ ئىشىڭ-لار ئوبدانمۇ؟ ئابرويۇڭلار كەتمەستە چىقىرىپ بېرىڭلار!

ئۇلار ھەممىسى قاپلىرىنى ئاچتى، باقتىكى، ئالتۇن جام ئىبنى يەمەننىڭ قېپىدا تۇرادۇر. لەشكەرلەر ئىبنى يەمەننى پادىشانىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى، ئاغىلىرىمۇ كەينە-دىن يېتىپ كېلىپ پادىشاغا ئەيدى:

— بىز بولساق پەيغەمبەر زادىمىز. بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمىز. بۇ ياش بالا ئەقلى كوتالىق قىلدى. ئاغىسى ھەم شۇنداق ئوغرى ئىردى. ئەگەر ئاتىمىزنى ئىززەت قىل-سىڭىز بۇنى بىزگە قوشۇپ بەرگەيسىز، ئەلبەتتە گۇناھىدىن ئۆتكەيسىز!

پادىشا:

— سىزلەرگە ۋە ئاتىڭىزلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلدىم. بۇنى سىزلەر بىلمىدىڭىزلەر دىدى ھەم ئىبنى يەمەننىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئاغىلار ئەيدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! بۇنى ئۆلتۈرمەڭ. بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ شەرئىتىدە كىم ئوغۇرلۇق قىلسا، مال ئىگىسىگە شۇنى قۇل قىلىپ بېرۇر. بىز ھەم بۇنى ئۆزلىرىگە بەردۇق. شەرئەتدە قانداق بولسا شۇنداق بولسۇن. لېكىن ئاتىمىز-نىڭ كۆڭلى تىنماس. ئوغۇرلۇق قىلغىنىغا ئىشەنمەس. بۇ ۋاقئەنى ئاتىمىزغا قانداق دەيمىز؟

پادىشا ئەيدى:

— شەرئەتدە قانداق بولسا، بىز ھەم شەرىئەتنىڭ قۇلىدۇرمىز.

بۇلار ئىبنى يەمەننى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇر-دى، لېكىن كۆڭلىدىن غۇبارلىغى كەتمىدى. بۇلار تاشقىرىغا چىقىپ مەسلىھەت قىلىشتى.

يەھۇدا ئەيدى:

— سىلەر سەككىزىڭلار بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ-لار. شەمئۇن ياراق-جابدۇق بىلەن زىندانغا بارسۇن. مەن ئۆزەم يالغۇز ئوردىغا كىرەي، ئاۋازىم چىقىش بىلەن شەمئۇن ئىشىتىپلا ئىبنى يەمەننى ئېلىپ چىقسۇن. ئىككۆيلەن بىرگە بولۇپ، كىم كەلسە قىلىچ بىرلە چاپايلى. شۇنداق قىلىپ ئىبنى يەمەننى ئابرويى بىلەن كەنئانغا ئېلىپ كېتەيلى!

بۇ مەسلىھەتنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام خەۋەر تېپىپ، زىلەيخادىن تۇغۇلغان 15 ياشلىق ئوغلىنى چاقىرتىپ: بالام! سەن دەرۋازىغا چىقىپ چوڭ دادالىڭ يەھۇدانىڭ بويىنىنى سىلاپ ئەكىلسەڭ غەزىپى قايتۇر، — دېدى. ئوغۇل بېرىپ يەھۇدانىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، دۈمبىسىنى سىلىدى. يەھۇدانىڭ

غەزىۋى قايتىپ قەھقە كۆلۈپ ئەستەغپۇرۇللا، بۇ مىسىردا بىرنىڭ ئەۋلادىمىزدىن بىر كىشى بولسا كېرەك. بولمىسا مېنىڭ غەزىۋىم يىقالماس ئېردى دىگىنىگە لايىق كەلتۇرۇپ، ساھىپ شائىر بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ماڭا نەھال كېلۇر ئەستەغپۇرۇللا،
نەقلى ـ قال كېلۇر ئەستەغپۇرۇللا.

غەزەپناكىم بېسىلدى دەر مەھال،
نە بولدۇم ئۇشبۇ ھال ئەستەغپۇرۇللا.

بىرنىڭ ئۇرۇقدىن مۇندا كىشى بار،
ئول قىلدى بىر ئىش ئەستەغپۇرۇللا.

بولمىسا بۇ ئىش بولسام غەزەپناك،
جەڭ قىلسام ئېردى ئەستەغپۇرۇللا.

ئەمدى نىتەرمەن قانداق كېتەرمەن،
مۇندا قالۇرمەن ئەستەغپۇرۇللا.

ئابدۇللا سەن ھەم بولما غەزەپناك،
سەن ھەم دىگەيسەن ئەستەغپۇرۇللا.

ئابدۇللا بولدۇڭ ئەمدى شىكەستە،
ئېيتۇرغا كەلدىڭ ئەستەغپۇرۇللا.

ئابدۇللا سەن ھەم ئاسى گۇناھكار،
دائىم دىگەيسەن ئەستەغپۇرۇللا.

ئەلقىسسە: يەھۇدانىڭ ئاۋازى چىقمىدى. شەمئۇن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. يەھۇدا ۋاقىئەنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. گەرچە ئۇلار غەزەپكە كەلسە مىسىر شەھرىنى توپ-توز قىلىپ كېتەر ئىدى.

يەھۇدا ئەيدى:

— مەن بۇ يەردە قالاي. ئاتامنىڭ ئالدىغا نىمە دەپ بارۇرمەن؟ ئەگەر ئىبنى يەمەن ئۆلسە مەن ھەم ئۆلەي، مەگەر تىرىك بولسا، مەن ئۇنى ئېلىپ باراي. بۇ ۋاقىئەنى ئاتامغا بايان قىلىڭلار!

ئۇلار ھەممىسى پادىشا قېشىغا كىردى. ئەيدىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! يەھۇدا مۇندا قالسا، بىز ئاتىمىزنىڭ قېشىغا بارساق. يەنە بىر نامە يېزىپ بەرسىڭىز.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر-بىر بايان قىلىپ، تەئەججۇپلەنگۈدەك نامە يېزىپ بەردى، ئىبنى يەمەننىڭ تاغىرىغا جاۋاھىرلارنى سېلىپ بەردى. ئۇلار يولغا راۋان بولۇپ قانچە كۈنلەردىن كېيىن كەنئانغا يېتىپ باردى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا ھەزەندە ئوغلانلىرى بىرلە كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشتىلەر. ئوغلانلار پادىشانىڭ نامەسىنى تاپشۇرۇپ بەردى.يەئقۇب ئەلەيھىسسالام خەتنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭدىن يۇسۇفنىڭ بۇيى كەلدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئىبنى يەمەن قېنى؟ — دەپ سورىدى.
ئوغلانلار:
— يەھۇدا بىلەن قالدى، — دېيىشتى.
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:
— نىمە ئۇچۇن قالدى؟ — دەپ يىغلىدى.
ئوغلانلار نامەنى ئوقۇپ بەردى. ئىبنى يەمەنىنىڭ ۋاقىئەسىنى ئاڭلاپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تەئەججۇپ قىلىپ، ئەلبەتتە يۇسۇف بولسا كېرەك. بىر ھىيلە بىرلە ئېلىپ قېلىپتۇ، — دەپ ئويلىدى.
شۇل ئەسنادا شائىر، ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىغا لايىق كەلتۈرۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھېكمەت نە ئىردى ئەي قادىر ئاللا،
كەلدى جۇدالىق ئەي قادىر ئاللا.

بىزنى بۇ سىردىن ئاگاھ قىلۇرسەن،
بەرگىل مۇرادىم ئەي قادىر ئاللا.

شاھ نامەسىدىن يۇسۇف بىلىندى،
كۆرسەت جامالىن ئەي قادىر ئاللا.

نە ئىش كېلەدۇر باشىمغا ئەمدى،
بى شەك بىلۇرمەن ئەي قادىر ئاللا.

يۇسۇف بولۇر بەلكى گۇمانىم،
ئېلىپ قېلىپدۇر ئەي قادىر ئاللا.

ھەيران ئېرۇرمەن ۋەيران ئېرۇرمەن،
ئىبنى يەمەنگە ئەي قادىر ئاللا.

ئىبنى يەمەننى ئېلىپ قىلىپدۇر،
يۇسۇف ئۆزىمۇ ئەي قادىر ئاللا.

ئاتقان ئوقۇمنى ئەمدى تاپارمەن،
ۋاللاھۇ ئەلەم ئەي قادىر ئاللا.

ئابدۇللا يىغلا قىلغان گۇناغا،
ئەپۇ قىلۇر دەپ ئەي قادىر ئاللا.

ھەر يەردە بولساڭ تاپتىڭ شىكەستە،
بەرگەيمۇ دەستىڭ ئول قادىر ئاللا.

**ئەلقىسسە:** يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپەككۇرى ئاشتى، ئاندىن قاپ ـ تاغارلاردىن بۇغدايلارنى تۆكتى. ئىبنى يەمەننىڭ تاغىرىدىن جاۋاھىرلار تۆكۈلدى، ئۇنى كۆرۈپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى. ئويلىدىكى، مىسىر پادىشاسىنىڭ كۆڭلىدە يامانلىق يوق ئىكەن، مەگەر يامانلىق بولسا ھەرگىز بۇ ئىشنى قىلماس ئىدى، دەپ سەبرى قىلدى.

نەچچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بالىلىرىغا مىسىرغا بېرىڭلار دەپ ئەمىر قىلدى، پادىشاغا نامە يېزىپ بەردى.

ئوغلانلار نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، مىسىر شەھرىگە يېتىپ كەلدى، ئۇردىغا كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، نامەنى پادىشاغا بەردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام نامەنى ئوقۇپ كۆرۈپ ئۇلاردىن سورىدى:

— ئاتىڭىزنىڭ نامەسىدە يۈسۈف تېپىلسا ئىبەرگەيسىز دەپتۇ، سىلەر ئۇنى بۆرى يېدى دەيسىلەر. ماڭا راستىنى ئېيتىڭلار، تىرىك بولسا ئىزلەپ تاپاي، ئۆلۈك بولسا خەبىرىنى ئالاي!

ئاغىلار ئەيدى:

— ئۆلگىنى راست، ئاتىمىز ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيۋاتىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر پارچە خەتنى ئۇلارغا بېرىپ: بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار! — دىدى.

بۇ خەت ئاغىلارنىڭ مالىك داغۇرىغا يۈسۈفنى قۇل دەپ ساتقان مۆھۈرلۈك خېتى ئىكەن.

بۇلار پادىشاغا ئەيدى:

— يۈسۈف ئاتلىق يەنە بىر قۇلىمىز بار ئىردى، شۇنى ساتقان خەت بولسا كېرەك.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دەرھال ئىبنى يەمەندىن سورىدى:

— يۈسۈف ئاتلىق قۇلۇڭلار بارمىدى؟

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— يۈسۈف ئاتلىق ئاغامدىن باشقا، يۈسۈف ئاتلىق قۇلىمىز يوق ئىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

— ئەي ئىنىلىرىم، يەنە بىر ئالامەت كۆرسىتەي، ئۇيالماڭلار! بىزدە بىر خاسىيەتلىك جام بار. ئۇل جامنى «جامى كوشانىم» دەرلەر. ئۇ جام راست بىرلە يالغاننى ئايرىيدۇر.

يۈسۈف جامنى قولىغا ئېلىپ تاياق بىرلە ئۇرۇپ ئېردى، جامدىن سادا كەلدى: «يۈسۈف چۈش كۆرۈپ ئېردى، ئاغىلىرى يۈسۈفنىڭ چۈشىگە ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئالداپ، ئاتىسىدىن تىلەپ سەھراغا ئېلىپ چىقىپ، تۈرلۈك جاپالارنى قىلدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى، يەھۇدا ئۆلتۈرگىلى قويمىدى، شول سەبەبدىن تىرىك قالدى. ئاندىن كېيىن ئاغىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىدى».

يۈسۈف جامنى يەنە ئۇردى، جام ساداغا كىرىپ: «پەيغەمبەرزادىلەر يۈسۈفنى قۇدۇققا تاشلاپ قايتىپ بېرىپ، ئاتىسىغا يۈسۈفنىڭ كىيىمنى قانغا بوياپ كۆرسىتىپ، ئۇنى بۆرى يىدى ئەيدى، دەپ توختىدى.

يۈسۈف جامنى يەنە ئۇردى. جام سۆزلەپ: «يۈسۈفنى مالىك داغۇرى قۇدۇقتىن تارتىپ ئېلىپ ئېردى، ئاغىلىرى ئۇنى بۇ بىزنىڭ قۇلىمىز دەپ مالىك داغۇرىغا ساتتى»، دەپ توختىدى. ئاغىلار خىجالەتلىكتىن شەرمەندە بولۇشتى، ھەممىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ زار-زار يىغلىدى.

شول ئارىدا ئاغىلىرىنىڭ يۈسۈف گەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ قىلىسىپ، كۆپ ئۇيالغىنىدىن بىھوش بولۇپ ئىبىستار سۆزىنى قىلالماي قالغىنىغا لايىق كەلتۈرۈپ، ساھىپ شائىرنىڭ يازغان ئەبياتلەرى:

ئايا يۈسۈف بىزدە ئىرمىش كۆپ گۇنا،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بېغىشلا.
شەيتان قىلدى بىزگە رەۋەنى دوسيا،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بېغىشلا.

سالدۇق سېنى جاپا بىرلە بالاغا،
سەبرى قىلدىڭ بالا بىرلە قازاغا،
بۇ گۇنادىن ئاسى بولدۇق خۇداغا،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بېغىشلا.

ئول خۇدايىم ئەھەت، سەمەت بارلىغى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق بابام ھۆرمىتى،
ئاجىز مۆڭلۈق يەئقۇب ئاتام ھۆرمىتى،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بېغىشلا.

قىلما گۇنا بىزدىن ئۆتكەن جاپاغا،
بىزلەر ئۇچۇن سەن كىيلۇرسەن ۋاپاغا،
خاتالارغا لايىق بولدۇڭ ئاتاغا،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بېغىشلا.

خىجالەتدىن قىزىل يۈزلەر سولمىسۇن،
قىيامەتدە داغى لەنەت قالمىسۇن،

بىزلەر كەبى مۇڭلۇق بەندە بولمىسۇن،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بىغىشلا.

بىزلەر قىلدۇق سەن قىلمىغىل ئەي جىگەر،
پەرزەندىمىز ھەم بولمىسۇن دەربەدەر،
سىنىڭ ئۈچۈن ئاتام بولدى خۇن جىگەر،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بىغىشلا.

ئابدۇللانىڭ نەزمى ئاندا ياقمىدى،
يۈسۈف ئاغىلارغا ئەمدى باقمىدى،
كۆزلەرىمدىن مىنىڭ ياشىم ئاقمىدى،
ھەرنە قىلدۇق بىزگە ئۇنى بىغىشلا.

ئەلقىسسە: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغىلىرىغا رەھمى كەلدى، دىلىدا غۇبارى قالمىدى، كۆڭلىدىن ئاداۋىتىنى چىقىرىۋەتتى. ئاغىلىرى خىجالەتتە شەرمەندە بولدى.
شول ئەسنادا ساھىپ شائىر ئاغىلارغا ئىزا كەلتۈرۈپ ئۇشبۇ ئەبياتنى يازدى:

ئاغالىرىم سىزنى ئەمدى نىتەيىن،
باشىم ئېلىپ ئەمدى قايان كېتەيىن،
قايسى غەمدە غۇسسەلەرنى ئېيتايىن،
قايسى جەبرى-جاپالارنى ئېيتايىن.

ئەۋۋەل مىنى سەھرا ئېلىپ باردىڭىز،
ھەر قايسىڭىز تاش كېسەكتە ئۇردىڭىز،

گاھى ئۇرۇپ گاھى سۆدرەپ يۇردىڭىز،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

ئالدى - ئارقام ئاياغىمغا بەك ئۇردۇڭ،
نازۇك تېنىم قارا يەرگە بۇلغۇدۇڭ،
نالە - زارە قانچە قىلدىم قويمۇدۇڭ،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

گۇناھىم يوق قول ئاياغىم باغلىدىڭ،
مېنى ئاندا تەھقىق ئۆلەر چاغلىدىڭ،
ھەسرەت ئوتى بىرلە يۈرەك داغلىدىڭ،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

ئۆلتۈرەلمەي مېنى قۇدۇق تاشلىدىڭ،
يەنە ماڭا غەم يۈكىنى غەشلىدىڭ،
ئاندا يەنە ئاتام كۆزىن ياشلىدىڭ،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

چاھدىن چىقسام مېنى قۇل دەپ ساتتىڭىز،
چالما كەبى يىراق يەرگە ئاتتىڭىز،
ئاخىر مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلدىڭىز،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

قۇل دەپ سېتىپ ماڭا ئىزا قىلدىڭىز،
قاچقاق ئوغرى، يالغانچى ئات قويدىڭىز،

ئاتام كۆگلدە غەمدە ئادا قىلدىڭىز،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

كۆرگەن چۈشۈم مېنىڭ يالغان ئىكەنمۇ؟
ئاتام يالغان تەبىر ئېيتقان ئىكەنمۇ؟
يالغان مېنى سۇلتان قىلغان ئىكەنمۇ؟
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

كۆچۈك يەتسە تەختىمنى ھەم ئېلىڭلار،
بۇ شەھەردىن قوغلاپ يەنە سېتىڭلار،
قولۇڭلاردىن كەلگىنىنى قىلىڭلار،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

ئەمدى مۇنى ئۆزەڭلاردىن سورايىن،
قىساسىمنى مەن سىزلەردىن ئالايىن،
جاپالارغا مەن ھەم جاپا قىلايىن،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

ئابدۇللانىڭ پادىشادىن ئۈمىدى،
ئەپۇ قىلسا ئەجەپ ئېرمەستۇر، دىدى،
جاپاسىغا ۋاپاسىنى كۆزلىدى،
ئەمدى قايسى جاپالارنى ئېيتايىن.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغىنىلىرى جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشىپ،

يۈزىنى يەرگە قويۇپ زار-زار يىغلىدى.
مىسىر خەلقى بۇلارنى كۆرۈپ يىغلىشىپ زىلەيخانىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئاغىلارنىڭ گۇناھىنى پادىشادىن تىلەيمىز، — دېدى. زىلەيخا ھەم كوتاكسچىكلەر بىرلەن پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىدى.
شول ئەسنادا ساھىپ شائىر ھەم ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئۇشبۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

كىم ئېيتادۇر ئۆتكەن ئىشنى ياد ئېتىڭ،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.
ھەرنە بولسا مەن تىلەرمەن ئەپۇ ئېتىڭ،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

سىزدىن تىلەر مىسىر خەلقى بارچىسى،
ئۇلۇغ-كىچىك ھەم بەچچەسى-كەنجىسى،
قاچقان قۇلنى ئازات قىلۇر خوجىسى،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

ئەرزىم بۇدۇر ئەۋۋەل خۇدا ھۆرمىتى،
رۇمى ① ئادەم سەفىۇللا ھۆرمىتى،
يەنە ئولكىم ھاۋا ئانا ھۆرمىتى،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

شىشە، ئىدرىس، نەبىھۇللا ھۆرمىتى،
توپان سۈيى نوھ نەبى ھۆرمىتى،

① رۇمى ئادەم — ئادەم ئەلەيھىسسالام.

ئۇل ئىبراھىم، ئىسمائىلنىڭ ھۆرمىتى،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

ئىسھاق نەبى باباڭىزنىڭ ھۆرمىتى،
يەئقۇب نەبى ئاتىڭىزنىڭ ھۆرمىتى،
قىزۇ زەئىب جۇۋانلارنىڭ ھۆرمىتى،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

مۈلكۈڭ خاراپ بولۇر بولار يىغلىسا،
دۇئا قىلىپ نالە-زارى ئەيلەسە،
ۋاپا ئەيلەڭ بۇلار جاپا ئەيلەسە،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

بىز ئىكوغا بۇلار سەبەب بولمىسا،
ھەر ئىككىمىز بۇ مىسىرگە كەلمىسەك،
زىلەيخانىڭ كۆزدە ياشى تۆكۈلسە،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

سىزگە بىزگە لازىم ئىرۇر شۈكرانە،
ئازات ئېتىڭ ئاغىلارنى جانانە،
باشلىرىدا بولۇپ مىسلى پەرۋانە،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

مىسىر شاھى زىلەيخانىڭ ئەرزىدۇر،
كېيىم قىلماق قۇللىرىغا پەرزىدۇر،

ياماندىقتا ـ ياخشىلىق ھەم پەرىزدۇر،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

ئابدۇللا ھەم ئىستىئانەت تىلەيدۇر،
شول سائەتدە ئەپۇ قىلسا نە بولۇر،
نەزىم قىلاي مېنىڭ دىلىم بەھۆزۇر،
مىسىر شاھى ئاغىلارنى شاد ئېتىڭ.

ئەلقىسسە: زىلەيخا جان ـ دىلى بىلە ئاغىلارنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. خۇدايى تائالا جەبرائىلغا ئەمىر قىلدى: «بارغىل يۇسۇف سىدىقىمغا سالام ئەيغىل. ئاغىلىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسۇن. بۇ ئىشلارنى ئەزەل كۈنىدە ئۆزەم قىلدىم، ئاغىلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، مېنىڭ رىزالىقىنى ئالسۇن!». ھەزرىتى جەبرائىل ئىدا يەتكۈزدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام جان ـ دىلى بىلە قوبۇل قىلدى. جەبرائىل يەنە ئەيدىكى، يۇسۇف ئاتىسىنى مىسىرغا ئېلىپ كەلسۇن. قانلىق كۆينەكنى ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرسۇن، يەئقۇبنىڭ كۆزى روشەن بولۇر! ـــ دەپ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋەھىدىن فارىغ بولۇپ ئەيدىكى:

ـــ ئەي خالايىقلار! ئاگاھ بولۇڭلار، مەن ھەممە ئاغىلىرىمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتەي، خۇدا رىزالىقىنى تىلەي. سىزلەرنى ھەم زىلەيخانى خوش قىلماق ئۈچۈن ئاغىلىرىمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم، ئاغىلىرىمنى ئازات قىلدىم، دەپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، بىر ـ بىرىدىن ھال سوراشتى، شەھەرگە بايراقلارنى قاداپ، ناغرا، نەغمە ـ ناۋالار چالدۇ ـ

رۇپ، جەمئى مىسىر خەلقىگە شاتلىق بايرامى قىلدى، پەرىشتەلەر ھەيران بولۇپ تاماشا ئەيلىدى، شەيتان لەنەتلەر ھەسەت قىلىشتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاغىلىرىغا مەسلىھەت قىلىپ: ئاتامنىڭ پىكرىنى قىلىڭلار! ــ دىدى.

بىر ئاغىسى ئەيدى:

ــ ئاتامنى مەن ئېلىپ كېلەي!

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەيدى:

ــ بېرىپ ئۆيىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭلار، ئالدىڭلاردا بىر كىشى بېرىپ بۇ خەبەرنى ئاتامغا ئېيتسۇن!

ئاغىلار ئەيدى:

ــ كىمنى ئېۋەتسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر نامە تەييارلاپ، بەشەر دىگەن ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ھەم نامىنى بىللە قوشۇپ ئاتىسىغا ئېۋەتتى. بەشەر نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ كەنئانغا يەتتى. ئۇ بىر كوچىدا يىغلاپ ئولتۇرغان كەمپىرنى كۆرۈپ، يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىنى سورىدى.

كەمپىر ئەيدى:

ــ نىمە قىلىسەن؟

بەشەر ئەيدى:

ــ يۈسۈف پادىشادىن خەبەر ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئاغىلىرى بىرلە كۆرۈشتى.

كەمپىر ئەيدى:

— يۇسۇفنى بۆرى يېگەن دەپ ئىشىتتۇق. نەچچە مەرتىبە خەبەر ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ سۆزى يالغان بولۇپ چىقتى، سەن ھەم يالغان خەبەر ئېلىپ كەلگەندۇرسەن؟
بەشەر ئەيدى:
— ئەي موما، مېنىڭ سۆزۈم يالغان ئەمەس. ئۆزەم يۇسۇف پادىشانىڭ ۋەزىرىدۇرمەن، ئاغىلىرى بىرىپ يۇسۇف پادىشانى تاپتى، خۇدا تائالانىڭ ئەمرى بىرلە ھەممىسى ئەۋۋەلقىدەك بولدى، يۇسۇف پادىشا نامە يېزىپ بەردى. كۆينەكنىمۇ ئېلىپ كەلدىم. يەئقۇب ئاتام كۆزىگە سۈرسۇن، كۆزى روشەن بولۇر دەپ ئىبەردى.
كەمپىر بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ يۈرىگىگە ئوت تۇتاشتى. ئاسمانغا بېقىپ نالە قىلدى:
— ئىبارا خۇدايا، سېنىڭ ۋەدەڭ يالغانمۇ، يا بۇ كەلگەن كىشى يالغانچىمۇ؟ يەئقۇب نەبىنىڭ ئوغلىدىن بۇرۇن مېنىڭ ئوغلۇمنى كۆرسۇتسەن دەپ ۋەدە قىلىپ ئىردىڭ. ماڭا قىلغان ۋەدەڭ قېنى؟
بەشەر ئەيدى:
— ئەي موما، ساڭا نىبە ۋەدە قىلىپ ئىردى؟
كەمپىر ئەيدى:
— مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار ئىردى. يەئقۇب پەيغەمبەر سېتىپ ئېلىپ ئىدى، ئۇنىڭ پىراقىدا خۇدايى تائالاغا يىغلاپ ئىردىم. بىر ئاۋاز ئىشىتىلدى: يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىدىن سېنىڭ بالاڭنى ئىلگىرى كۆرسۇتسەن، دەپ. ئەمدى يەئقۇب پەيغەمبەر ئوغلىنى مېنىڭدىن بۇرۇن كۆردىكەن.

بەشەر ئەيدى:

— ئەي ئانا، ئوغلىڭىزنىڭ ئېتى نىمە؟

موماي ئەيدى:

— ئوغلۇمنىڭ ئېتى بەشەر ئېردى.

بەشەر ئەيدى:

— سۈيۈنچە بەرگىل، شول سائەتتە ئوغلۇڭنى كۆرەر-سەن!

ئۇ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلاپ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ بىھۇش بولدى، سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بايان قىلدى، ئانا - بالا يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ، ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بەشەردىن ئاڭلاپ، نامىنى قولىغا ئالدى، يۈسۈف ئېۋەتكەن كۆينەك بىلەن جامىنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئېردى، كۆزى ئېچىلدى. ئۇنىڭ كۆزى روشەن بولۇپ ھەممە تەرەپنى كۆردى، خۇدايى تائالاغا كۆپ ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، شۈكرانىسىغا دۇئا قىلدى.

شول ئەسنادا ساھىب شائىر يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شۈكرانىسىگە لايىق مەن ھەم شۈكرانە قىلاي دەپ ئۇشبۇ شۈكرانە مۇخەممەسنى يازدى:

شۈكرى ئالللا كەلدى ئەمدى گۈلئۇزارىمدىن خەبەر،
شۈكرى ئالللا شاھ سۈفەت شىرىن زابانىمدىن خەبەر،
شۈكرى ئالللا تاقىتىم ئول غەمگۇزارىمدىن خەبەر،
شۈكرى ئالللا ھىجرىدە مەن مېھرىبانىمدىن خەبەر،
شۈكرى ئالللا يۈسۈف ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

بىلمىدىم بۇ ۋاقئە يا راست بولغاي يا خىيال،
تاقىتىم يوقتۇر جامالىن كۆرمىگۈنچە بى مالال،
مەن ساڭا تاپشۇرمىشىم ساقلا ئۇنى يارۇلجالال،
شۈكرى ئاللا بار ئۈمىدىم كۆرسەتەر ئايدەك جامال
شۈكرى ئاللا يۈسۈف ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

بۇ خەبەر قايدىن كېلىۇر ھەقتىن ئىنايەت بولمىسا،
مەقسىدىن تاپماس كىشى ھەقدىن ھىدايەت بولمىسا،
ئول ئاتا بابالىرىمدىن ھەم شاپائەت بولمىسا،
ھەممە بۈزرۈكلەر روھانىدىن كارامەت بولمىسا،
شۈكرى ئاللا يۈسۈف ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

ۋەسلىگە يەتمەس كىشى تا داغى ھىجران بولمىسا،
دەردىگە تاپماس داۋا رەھمەت پاراۋان بولمىسا،
كۆرمىگەي باغى ئەرەم كۆزنى گەريان قىلمىسا،
يەتمىگەي قەدرىگە ھىچكىم تا قەدىردان بولمىسا،
شۈكرى ئاللا يۈسۈف ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

نەچچە يىلدۇر بىلمىدىڭ ھىجران پىراقى ئۆرتىدى،
ئەمدى ۋەسلىگە يېتەيمۇ ئىشتىياقىڭ ئۆرتىدى،
كۆرگىچە ئۇشبۇ جامالىڭ ھەم سىياقىڭ ئۆرتىدى،
سېنى زىلەيخا قىيناغى مېنى شەۋقىڭ ئۆرتىدى،
شۈكرى ئاللا يۈسۈف ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

يازدى ئابدۇللا خەبەر يەئقۇب، يۈسۈفنى ئۇشبۇ كۈن،
قىسسىنى دەپتەر قىلىپ يىغلاپ تۇرادۇر ئۇشبۇ كۈن،

مەن خەبەر قىلدىم سىلەرگە قادىرىم رەھىم ئەيلىسۇن،
رەھمەت ئەيلەگلەر ماڭا كۆڭلۈمدە ئارمان قالمىسۇن،
شۈكرى ئاللا يۈسۈپ ئاتلىق شاھسۇۋارىمدىن خەبەر.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلانلىرىم قاچان يۈسۈفنىڭ خەبىرىنى ئېلىپ كېلەر ئىكىن دەپ يولغا قاراپ تۇردى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاغىلىرىدىن ئاتىسىغا ئۆزىرلىك نامە ئىبەردىلەر، ئاغىلىرى نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، كەنئانغا يېتىپ كېلىپ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا نامىنى بەردىلەر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام نامىنى ئوقۇپ خوشلىغىدىن يەنە دۇئا قىلدى.

يۈسۈفنىڭ نامىسىنى شائىر ئۇشبۇ بېيىت بىلەن بايان قىلدى:

ئەمدى خۇدا بىزگە بولدى ئەي ئاتا،
ئەپۇ قىلىڭ بىزدىن ئۆتسە ھەر خاتا.
ئالدىڭىزغا ئۆزەم ھازىر بارمىدىم،
مەئزىر تۇتۇڭ خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

ئاغىلىرىم ئالدىڭىزدا ئالدىدى،
بايابان‌دا قول ئاياغىم باغلىدى،
قۇدۇققا سېلىپ مېنى ئۆلەر چاغلىدى،
مەئزىر تۇتۇڭ خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

چاھدىن ئېلىپ مېنى قۇل دەپ ساتتىلەر،
ئوغرى، قاچقاق، يالغانچى دەپ ساتتىلەر،
ئەرزان سېتىپ كۆپ ئالدىراپ كەتتىلەر،
مەئزىر تۇتۇلۇق خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

مالىك كارۋان ئالدى مېنى پۇل بېرىپ،
ئېيتالمىدى ئۇلار پۇلۇڭ ئازمۇ دەپ،
قۇتۇلماقتا مېنى ساتتى تازمۇ دەپ،
مەئزىر تۇتۇلۇق خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

كېلىپ مۇندا يەنە بازار سېلىندىم،
مىسىر شاھى باھاسىغا ئېلىندىم،
يەنە تۆھمەت بالالارغا ئېلىندىم،
مەئزىر تۇتۇلۇق خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

بىرنەچچە كۈن زىندان بولدى مەنزىلىم،
غەم ـ غۇسسەگە يارا بولدى بۇ دىلىم،
ئاسان قىلدى خۇدا يە مۈشكۈلۈم،
مەئزىر تۇتۇلۇق خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

نەچچە يىللار بەندە زىندان زارلىدىم،
تۈرلۈك مېھنەت بالالارغا ئېلىندىم،
يەنە تۈرلۈك قۇرۇق سۆزگە چېقىلدىم،
مەئزىر تۇتۇلۇق خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

ھەممىدىن داغى ھىجران ياماندۇر،
ئىنشائاللا يۈسۈپ سۇلتان ئاماندۇر،
ئاغىلىرىم بىزگە بىسيار ياماندۇر،
مەئزىر تۇتۇڭ خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

زەنجىرلىرى بىر دەم بەرمەي ئامانى،
تۆھمەت بىرلە مىسىرى ئىزىز گۇمانى،
نەچچە يىللار قىلدى مېنى زىندانى،
مەئزىر تۇتۇڭ خىزمىتىڭگە بارمىدىم.

زىنداندا قىرىق يىلدۇر قانائەت،
رەھىم ئەيلىدى خۇدا قىلدى ئىنايەت،
بولدى مېنىڭ قىلغان ئىشىم كۇپايەت،
مەئزىر تۇتۇڭ ئالدىڭىزغا بارمىدىم.

ئەدەت قىلدى ئۇلۇغ ئۆتكەن بابامىز،
تەسىر قىلدى مەگەر قىلغان نالىمىز،
يەئقۇب ئاتام ئوقۇپ كۆرسۇن نامىمىز،
مەئزىر تۇتۇڭ ئالدىڭىزغا بارمىدىم.

دۇئا بىرلە يۈسۈپ يەتتى مۇرادە،
كۈندىن ـ كېنگە دۆلىتىدۇر زىيادە،
نە سەبەبدۇر بىلمىدىمەن ئىرادە،
مەئزىر تۇتۇڭ ئالدىڭىزغا بارمىدىم.

مېنىڭ ئەرزىم سىزگە يەئقۇب ئەي يۈسۈف،
ئابدۇللاغا دۇئا قىلىڭ بىھەد كۆپ،
ئېيتالمىدىم سىزگە لايىق نەزمە ئېيتىپ،
مەئزىر تۇتۇڭ ئالدىڭىزغا بارمىدىم.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ نامىنى ئوقۇپ بولغۇچە ئوغلانلىرىنىڭ چىرايى زەپىرەڭ بولدى. بوينىغا پوتا سېلىپ توبە قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاشتى. ئاتىسى ھەم ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى.

خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تۆگىلەرگە يۈكلىرىنى ئارتىپ مىسىر شەھرىگە راۋانە بولدى. بۇ خەبەر مىسىرغا يەتكەندە بىرمۇنچە خالايىقلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاتلاندى. بىرمۇنچە خاتۇن، قىز ـ جۇۋانلار ئالدىغا چىقىپ تائام ھازىرلاپ تۇردىلەر.

بىرنەچچە خوش ئاۋاز ھاپىزلار نەغمە ـ ناۋادا بولدى. بارچە خالايىق ئاتلىنىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىلەر، بۇلار تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ ئېردى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

ـــ بۇلار نىمە خالايىق؟ ـــ دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

ـــ ئاكام يۈسۈفنىڭ سىپاھلىرى.

ئۇلار تاۋاپ قىلىپ قايتتى.

يەنە كىنىزەكلەر مەھەپىلەردىن چۈشۈپ سالام قىلدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سورىدى:

ـــ بۇلار كىم؟

ئىبنى يەمەن ئەيدى:

— كىچە - كۈندۈز ئاكامىنىڭ خىزمىتىدە تۇرىدىغان كىنىزەكلىردۇر.

ئۇلار تاۋاپ قىلىپ قايتتى.

ئۇلسالار، ئاكابىر، ئەشرەپلەر كېلىپ تاۋاپ قىلدىلەر. يەنە ئازدىن كېيىن بىر ئەلەم پەيدا بولدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

بۇلار كىملەر؟ — دىدى.

ئىبنى يەمەن:

— ئاغامنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەلەملىرى، — دىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. جەبرائىل ئەيدىكى: ئاتاڭ ئاتتىن چۈشۈپ كەلدى، سەن نىمىگە ئاتتىن چۈشمەيسەن؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ كەلدى. ئاتا - ئوغۇل كۆرۈشتىلەر. بۇ ئىككىسى مۇھەببەت ئىشتىياقى بىلەن قوللىرىنى بويۇنلىرىغا سېلىشىپ يىغلىدىلەر. گاھى ھۇشىدىن كېتىشىپ، گاھى ھۇشىغا كېلىپ مەست مەستەغراق بولدى. بۇ ئەسنادا ئۇلارنى يەتتە ئاسمانىنىڭ پىرىشتەلىرى تاماشا قىلدىلەر.

ئازدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھەممە ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى سوئال قىلدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر - بىر بايان قىلدى، ئاندىن شەھەرگە كىردىلەر. ھەزرىتى يەئقۇب كۆردىكى، ھەممىلىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا چۈشتى. بۇلارنىڭ قىرىق يىل تارتقان

ئاتەشلىرى ساقىت بولۇپ، مەمنۇنىيەت ھاسىل قىلىشتىلەر. ئاندىن زىلەيخا كېلىپ تەسلىم تەھايىيات بىجا كەلتۈرۈپ سالام قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ ئەقىدىسىگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ دۇئا قىلدى.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى شەھەرنىڭ بارچە خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ ئەيدىكى:

— ئەي خالايىقلار! مەن كىمدۇرمەن؟ سىزلەر كىم؟

خالايىقلار ئەيدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز بىزنىڭ پادىشاھىمىز. مىسىر خەلقى خاس ئام، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، ئەركەك ـ چىشى، رەسىدە، نارەسىدە، بالا ـ چاقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پۇقرايىڭىزدۇر.

ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دېدىكى:

— ئەي خالايىقلار ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەزرىتى يەئقۇب بىنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى مېنىڭ پەدەر بۇزرۇكۋارىمدۇر. بۇلارنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن بارچىڭىزلارنى ئازات قىلدىم!

ھەممە خالايىقلار شاد ـ خورام بولۇپ تەسەددۇق دىل بىلەن مۇسۇلمان بولدىلەر.

يۈسۈف ھەممە خالايىقنىڭ ئاشلىق ئۈچۈن بەرگەن پۇل ـ مالىنى قايتۇرۇپ بەردى.

ئەلقىسسە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بالا ـ چاقىلىرى بىلەن مىسىر شەھرىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزدىلەر. ئاندىن يۈ ـ سۈفكە ئەيدى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆمرۈم ئاخىرىغا يېتىپتۇ. ئەمدى شام

شەھرىگە بارسام!
يۈسۈف ئەيدى:
— مەن ھەم باراي.
يەئقۇب ئەلەيھسسالام:
— سىزگە پادىشاھلىق خۇدانىڭ ئىلتىپاتى. سىز ئۇندا بارماڭ. خالايىققا ئەدلى ئادالەت قىلىڭ. غېرىپ، مۇساپىر، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە رەھمەت ـ شەپقەت قىلىڭ. ئەمما ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە شامغا كېلىپ بابالىرىڭىزنىڭ ئايىغىدا بولغايسىز دېدى. ئاندىن شامغا كۆچۈپ كەتتىلەر، يەھۇدا بىرلەن شەمئۇن ئاتىسى بىلەن كەتتىلەر، قالغان ئاغىلىرى مىسىردا قالدى.
بىرنەچچە مەھەلدىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھسسالام شامدا ۋاپات بولدى، جەسەتلىرىنى ئىبراھىم خېلىلۇللانىڭ قەبرىستانلىغىدا قويدى.
يۈسۈف ئەلەيھسسالامنىڭ زار ـ زار يىغلاپ تۇرغىنىغا مۇۋاپىق شائىر بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇيدۇ:

نەيلەيىن ئالەم يۈزىدىن كەتتى دەۋلەتلىك ئاتام،
نەچچە دەردىمنى تارتقان كەتتى مۇھەببەتلىك ئاتام،
كۆپ جاپالارنى كۆرۈپ كەتتى كۆلپەتلىك ئاتام،
ئىككى ئالەم ئابرويى ھەم سائادەتلىك ئاتام،
بۇ ئەمەس ئىردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام.

ئويلىسام ئادەم باشى ئادەم ئاتامىز قايدادۇر،
مىڭ ئوغۇل ـ قىز تاپقان ئول ھاۋا ئانامىز قايدادۇر،
مىڭدىن ئاشقان نوھ نەبى ئەنبىيامىز قايدادۇر،

يەنى ئىدرىس نەبىدەك چوڭ بابامىز قايدادۇر،
بۇ ئەمەس ئېردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام.

ماتىمىڭدە كېچە ـ كۈندۈز كۆزلەرىم نەمدۇر ماڭا،
بىلمىدىم .......... ① بۇ نىچۈك غەمدۇر ماڭا،
بۇ يۈرەكىم زەخمىگە دوستلار نەمەھرەمدۇر ماڭا،
ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ ھەر لەھزە ماتەمدۇر ماڭا،
بۇ ئەمەس ئېردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام،

ئەمدى كەنئانغا نەيۈز بىرلە سېنى ئېلىپ باراي،
سورىسا كەنئانى مېنىڭ دەپ نىمە جاۋاپ قىلاي،
ھېچ ھۆججەت كۆرسەتەلمەي باشىمنى يەرگە ئۇراي،
تەكىيە گاھىم سەن ئىدىڭ قايدىن سېنى ئىزلەپ تاپاي،
بۇ ئەمەس ئېردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام.

سەندىن ئايرىلىپ يەنە يۈسۈفنىڭ ھالى نە بولۇر،
شۈكرىدىن ئۆزگە سۆزۈم يوق قىلى ـ قالى نە بولۇر،
غەم بىلە تولغاي ئادا بۇ ماھى سالىم نە بولۇر،
يۈسۈفىڭنىڭ ئەمدى ئۆلگۈنچە خىيالى نە بولۇر،
بۇ ئەمەس ئېردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام.

بۇ زامان كۆزۈمدە ھازىر لەھەدكە ئېلىپ بارىمەن،
ئىززەت ئىكرام بىلە پابام يانىغە سالىمەن،
قايتىپ ئەمدى مىسىر شەھرىگە نىچۈك بارىمەن،
ئاھ پىراقىڭدا ھېمىشە قىپ ـ قىزىل دىۋانىمەن،
بۇ ئەمەس ئېردى مۇرادىم شانى شەۋكەتلىك ئاتام،

يازدى ئابدۇللا مۇخەممەس بەھرىنى ئالسام ئىدى،

---

① قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن

پەسلى شائىرلار ئارا بىر گۆھىرى بولسام ئىدى،
يادى ھەق بولسا ھىمىشە ھەر سەھەر بولسام ئىدى،
ياخشىلارنىڭ يولىدا باغلاپ كەمەر بولسام ئىدى،
بارچە شائىرلار دىگەيلەر شانى شەۋكەتلىك ئاتام.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنى ئۇزۇتۇپ مىسىر شەھىرىگە يىنىپ كەلدى، يەنە بىرقانچە يىللار پادىشالىق قىلدى، ھەرقايىسى ئاغىلىرىغا بىردىن شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بەردى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئاتا-بابالىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىۋاقنى ئىختىيار قىلدىلەر. ئۇ بىر كۈنى ئوردىدىن چىقسا بىر ئات توقۇغلۇق تۇرادۇر. ئات سۆزلىدىكى: ئەي يۈسۈف، مەن بىھىشتىن چىققان ئاتتۇرمەن، خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن كەلدىم، ماڭا مىنگىن. ئاتا-باباڭنىڭ يېنىغا يەتكۈزەرمەن! يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتقا مىندى، ئۇ بىردەم مىڭىپلا قارىسا، ئۈچ مۇنبەر پەيدا بولۇپدۇر، ئۈستىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپدۇر، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام سالام بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئەي پەرزەنت، ئۆمرىڭىز باقى ئەمەستۇر، ئەمدى تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇڭ، مۆمىنلەرگە بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزۈڭ!» دەپ بىشارەت بەردىلەر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆز ئورنىدا يەھۇدانى پادىشاھ قىلىپ، بىر قانچە نەسىھەتلەرنى ئېيتىپ، ھەر قايىسى ئاغىلىرى بىلەن رازىلىق ئېلىشتى. ئۇ خۇدا تائالاغا مۇناجات قىلىپ ئەيدىلەر:

ئىلاھا پەرۋەردىگارا رەببىل ئالەمىن! مېنى پادىشا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى كارامەت قىلدىڭ، پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزدۈڭ، ئەمدى ھەرقانچە ئۆمۈر كۆرگىنىم بىلەن بۇ ئالەمنىڭ باقاسى يوقتۇر. ئەمدى بۇ ئالەمدىن ئىمان ئىسلامنى ھەمرا قىلىپ كەتمەكنى نېسىپ قىلغىل؛ ئاتا ـ بابىلىرىمنىڭ ھۆرمىتى بۇ ئالەمدىن كەتمەك بولدۇم، دۇئايىمنى ئىجابەت قىل!

شۇل زامان جەبرائىل كېلىپ خۇدايى تائالانىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ: ئەي يۇسۇف، دۇئايىڭنى ئالا تائالا ئىجابەت قىلدى، دەپ ياندىلەر. ئاندىن ھەزرىتى قابىز كېلىپ ئەيدى: ئەي يۇسۇف، ئەرۋاھ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ روھى سىز بىلەن سۆھبەت بولماقنى مۇنتىزىردۇر. ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلەيخا بىرلە خوشلۇشۇپ روخسەت تىلىدى.

شۇل ئەسنادا ساھىبى شائىر يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن زۇلەيخانىڭ ئەھۋالىغا لايىق كەلتۈرۈپ بۇ ئەبياتنى يازدى:

ئەلۋىدا

يۇسۇف ئېيتىپتۇر:

يارى جانىم ئەمدى غەمكىن بولمىغىل،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇ كۈن.
ھەر كىم كەلسە كېتەر پانى دۇنيادىن،
ئۆتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇ كۈن.

زۇلەيخا ئېيتۇر:

زىلەيخا دەر سالما ھىجران داغىنى،
بىر نەچچە كۈن تۇرغىن سىرداش بولالى.
سەيرى ئېتەلى بۇ جاھاننىڭ باغىنى،
باقى ئۆيگە بىللە يولداش بولالى.

يۈسۈف ئېيتۇر:
ھەركىم كېتەر ئۆز يولىغا زىلەيخا،
ئاتا ـ ئوغۇل بىر ـ بىرىدىن مۇببەرا
ئىمان يولداش بولسا ماڭا مۇججەلا،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۈشبۇكۈن.

زىلەيخا ئېيتۇر:
سەنسىز ئەمدى ئېزىز جانىم نىلارمەن،
كېتەر بولساڭ زار ـ زارى يىغلارمەن،
ماتەم تۇتۇپ ئىچى ـ تاشىم داغلارمەن،
باقى ئۆيگە بىللە يولداش بولالى.

يۈسۈف ئېيتۇر:
مەگەر ئەجەل قىسىرلىغان زامانى،
بىر كۈن ئۆمرۈڭ بولۇر ئىرمىش خازانى،
ھىچ كىشىگە بەرمەس دىدى ئامانى،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۈشبۇكۈن.

زىلەيخا ئېيتۇر:
كېتەر بولساڭ سۆزلەر سۆزنى نەيلىيىن،
سەن بولمىساڭ كۆرەر كۆزنى نەيلىيىن،
ھەم ئىلاھىم كېچە ـ كۈندۈز يىغلايىن،

باقى ئۆيگە بىللە يولداش بولالى.

يۈسۈف ئېيتۇر

مەن كەتكەندە ئۆزەڭ سالما جاپاغا،
يىغان تارتىپ يەنە قىلما سالاغا،
ئامان بولغىل تاپشۇردۇم مەن خۇداغا،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇكۈن.

زىلەيخا ئېيتۇر:

سەن بولمىساڭ دۇنياغا كۆز سالمايىن،
قول ئۈزاتىپ قىزىل، ئاقنى ئالمايىن،
سەن كېتەرسەن مەن ئايرىلىپ قالمايىن،
باقى ئۆيگە بىللە يولداش بولالى.

يۈسۈف ئېيتۇر:

يۈسۈف ھەققە بويۇن سۇنۇپ يىغلىدى،
زىلەيخا ھەم يۈسۈف ئۈچۈن يىغلىدى،
تەگرىم بارچە خالايىقنى قويمىدى،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇكۈن.

زىلەيخا ئېيتۇر:

زىلەيخادەر ياخشى ـ يامان كۆرمىشىم،
بۇ دۇنيادا بەھەد دەۋران سۈرمىشىم،
كېتەر بولساڭ كىملەر بىلەن تۇرمىشىم،
باقى ئۆيگە بىللە يولداش بولالى.

يۈسۈف ئېيتۇر:

يۈسۈف ئېيتۇر سېنى مەندىن ئايرىدى،

ئىككىمىزنىڭ قاناتىنى قايرىدى،
ئەمدى ماڭا ئەجەل كېلىپ يېقىلدى،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇكۈن.

شائىر ئېيتۇر:
يۈسۈف بىرلە زىلەيخانىڭ سۆزىنى،
نەزمە قىلدى بۇ ئابدۇللا ئۆزىنى،
قىيامەتتە كۆرەر يۈسۈف يۈزىنى،
كېتەر بولدۇم مەن جاھاندىن ئۇشبۇ كۈن.

ئەلقىسسە: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىلەيخا بىلەن ۋىدالە-شىپ تۇراتتى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قابىز كېلىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنىنى قەبز قىلدى. زىلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنازىسىنى چۆگۈلەپ، چېچىنى چۇ-ۋۇپ، جىنازىنى قۇچاقلاپ: زار - زار يىغلاپ ئەي خالايىقلار مەن نەچچە يىل ھەزرىتى يۈسۈفنىڭ دەردى پىراقىدا يىغلاپ كۆزۈم ئاقاردى، يۈسۈفنىڭ بەرىكىتىدىن بەختىم ئېچىلىپ ئىززەت - ئىكرامغا يېتىپ ئېردىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىپ بۇ كۆزۈمدە نىمنى كۆرەي! دەپ، قولىغا پىچاق ئېلىپ، ئىككى كۆزىنى ئويۇپ جىنازىغا تاشلىدى، خۇدايى تائالاغا مۇناجات قىلدى: يۈسۈفدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ھىجرانلىغىنى تارتقۇدەك ماجالىم قالمىدى، مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ يۈسۈف-نىڭ ۋەسلىگە ۋاسىل قىلغايسەن!

خۇدايى تائالا شول زامان زىلەيخانىڭ جېنىنى قەبز قىلدى، زىلەيخا جىنازىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ جان بەردى.

خالايىق ئىككىسىنى بىر جىنازىغا سېلىپ، كەنئانغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدىلەر.

ئەي مۇسۇلمانلار! بىلمەك كېرەككىم: ھەر بەندە مۆمىن سىدىقىغا ئىخلاس قىلىپ يىغلىسا، خۇدايى تائالا مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ مەقسىدىگە يەتكۈزۈر.

ئىنشائاللا رەببىل ئالەمىن.

1939 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمە بەشى يەكشەنبە. بېلىق يىلى، ئىلى شەھرى.